# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

## پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى

1

1988

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى
(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

1988 - يىل 1 - سان
(ئومۇمىي 33 - سان)

★

پەسىللىك ژۇرنال
3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

# بۇ ساندا

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ
تۈپ ئاساسى ...................... ئىسمائىل نىياز 1
شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي
قىلىشى توغرىسىدا ...................... ئابدۇرېھىم سەئىدى 102
ئېلىمىزدىكى ئىستېپنىڭ ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەققىدە ...... مەمتىلى دانى 65
فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقلىق زىددىيەت ..............
.............. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن 26
پەلسەپىدە يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان ئىلىملار ...... ئېلى مامۇت، ھۆسەنجان ئەسقەر 82
زامانىۋى لوگىكا توغرىسىدا ...................... شىرىن قۇربان 93
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئېلىنىزم مەدەنىيىتى.................. ئابدۇكېرىم راخمان 14
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيا-
تىدىكى ئورنى ...................... مەھمۇد زەيدى 72
ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن توغرا پايدىلىنىش ھەققىدە بەزى
پىكىرلەر ...................... يۇنۇس ئىلياس 110
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلە ......................
.............. جۇياڭگوي، گاۋشىنشېڭ، لى شۇاڭ (ئابدۇغېنى تەرجىمىسى) 33
مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە ......................
...................... شۈي خېيشېڭ (ئىبراھىم تەرجىمىسى) 48
يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا
ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە ......................
.............. «خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى (ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى) 124
مىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ......... يوسۇپ ئوربېلى 139

# 新疆大学学报

1988年第1期

（哲学社会科学维文版）

（总第33期）

# 目　　录

社会主义初级阶段的理论是建设有中国特色的社会主义的根本依据　司马义・尼亚孜
论城市的现代化与农村向城市化发展　阿不都热依木・色依地
谈我国美学派别及其代表人物　买买提力・达尼
法拉比哲学思想研究中的逻辑矛盾　阿不都许库尔・买买提・伊明
哲学上的新兴学科　艾力・马木提，玉山江・艾斯哈尔编
浅谈现代逻辑　西仁・库尔班
中亚与希腊文化　阿不都克里木・热合曼
论阿不都哈里克・维吾尔的创作历程及其在现代维吾尔文学中的地位　买合木提・泽衣地
关于正确使用维吾尔语构词词缀的几点看法　尤努思・伊利亚斯
关于新疆三区革命的几个问题　朱杨桂，高新生，李爽
简论军阀盛世才　许海生
新民主主义革命时期中国共产党在新疆的斗争纪事　《纪事》编写组
新疆古今　青河县布尔根河狸保护区　徐金发摄

# سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى

ئىسمائىل نىياز

يولداش جاۋزىياڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا:
«جەمئىيىتىمىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچىنى توغرا تونۇش جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزم قۇرۇشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، توغرا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشىمىز
ۋە ئىجرا قىلىشىمىزدىكى تۈپ ئاساس» دەپ كۆرسەتتى. دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋات-
قان تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى توغرا تونۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي
يەكۈن، ماركسىزمنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى باسقۇچلارغا ئايرىش توغرىسىدىكى نە-
زەرىيىسىگە قوشۇلغان يېڭى تۆھپە. ئۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق
ئالغا ئىلگىرىلەپ، 13 - قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى ئوڭۇشلۇق
ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

I

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچى مەسىلىسى بولۇپمۇ سوتسىيالىزم
جەمئىيىتىگە قەدەم قويغان دۆلەتلەرنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان تارىخىي باسقۇچى مەسى-
لىسى كاپىتالىزم ئانچە تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم
قويغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ماركسىزم-
نىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىمۇ كونكرېت يەكۈن چىقىرىلمىغان يېڭى مەسىلە.

ماركسىزمنىڭ ئاساسچىلىرى، دەسلەپتە پۈتكۈل كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ باسقۇچ-
لىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ۋە كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى پرولېتارىيات بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەنلا قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ، دەپ
ھېسابلىغان. ماركس، «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆر-
سەتكەن ئىدى: «كوممۇنىزم ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا ئىش-
لەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پۈتۈن جەمئىيەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن بولىدۇ.
شۇ سەۋەبتىن كىشىنىڭ كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغان بولىدۇ. ئەمما
ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ تەقسىماتىدا يەنىلا ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلىپ، تەڭ مىقداردىكى

ئەمگەك بەدىلىگە تەڭ مىقداردا مەھسۇلات ئېلىشنى، يەنى ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش زۆرۈر بولىدۇ؛ كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا يەتكەندە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشقا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ، يەنە ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدۇ»① ماركس كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ (ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان سوتسىيالىزم باسقۇچىنىڭ) ئاساسىي بەلگىلىرىنىمۇ شەرھلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «بىزنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز مۇنداق كوممۇنىزم جەمئىيىتىكى، ئۇ، ئۆز ئاساسىدا راۋاجلانغان ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىن ئەمدىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن، شۇڭا، ئۇ، ھەر جەھەتتە، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۆزى تۆرەلگەن ھېلىقى كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ».② لېنىن ماركسنىڭ يۇقىرىقى پرىنسىپلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ «پرولېتارىياتنىڭ ئېلىمىز ئىنقىلابىدىكى ۋەزىپىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئىنسانىيەت كاپىتالىزمدىن پەقەت توغرىدىنتوغرا سوتسىيالىزمغا ئۆتىدۇ، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جامائەت مۈلكى قىلىشقا ۋە ھەركىمگە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشقا ئۆتىدۇ. پارتىيىمىز تېخىمۇ يىراقنى كۆرىدۇ. سوتسىيالىزم مۇقەررەر ھالدا تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىپ كوممۇنىزمغا ئايلىنىدۇ، كوممۇنىزم بايرىقىغا ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش، دەپ يېزىلىپ قويۇلىدۇ».③

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ماركسىزم ئاساسچىلىرى كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىنلا راۋاجلىنىپ ۋۇجۇتقا كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئاساسەن، كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئومۇمەن تۆۋەندىكى ئۈچ باسقۇچنى، يەنى كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋرنى؛ كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ياكى تۆۋەن باسقۇچىنى يەنە ئادەتتە ئېيتىلىۋاتقان سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى: سوتسىيالىزم ئاساسىدا پىشىپ يېتىلىدىغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ياكى يۇقىرى باسقۇچىنى يەنى ئادەتتە ئېيتىلىدىغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى بېسىپ ئۆتۈش كېرەكلىكىنى ئىلمىي يوسۇندا ئالدىن كۆرگەن.

ئەمما، تارىخىي شەرت-شارائىتلار چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى باسقۇچلارغا ئايرىش مەسىلىسىگە بولۇپمۇ ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ئارقىدا قالغان دۆلەتلەر سوتسىيالىزمغا قەدەم قويۇشتا مۇقەررەر ھالدا بېسىپ ئۆتىدىغان باسقۇچلارغا قارىتا يەكۈن چىقارمىغان ئىدى. ھەمدە بۇنداق يەكۈننى چىقىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 249- 250- بەتلەر.
② «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما». ئۇيغۇرچە نەشرى، 246- بەت.
③ لېنىن: «پرولېتارىياتنىڭ ئېلىمىز ئىنقىلابىدىكى ۋەزىپىلىرى»، «ماركس. ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 584- بەت.

ئىدى. شۇڭا سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان مۇشۇنداق دۆلەتلەردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا ماركسىزمنىڭ مەيدانى، نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇسۇلىغا ئاساسەن، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا، مۇستەقىل ئىزدىنىپ، ئۆز يولىدا مېڭىشى زۆرۈر بولىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتىدۇ: «رۇسىيە سوتسىيالىزمچىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ماركس نەزەرىيىسى ئۈستىدە مۇستەقىل ئىزدىنىش تولىمۇ زۆرۈر، چۈنكى، بۇ نەزەرىيە پەقەت ئومۇمىي يېتەكچى قائىدىلەرنىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ، بۇ قائىدىلەر بولسا، كونكرېت ئېيتقاندا، ئەنگلىيىدە فرانسىيىدىكىدىن باشقىچە، فرانسىيىدە گېرمانىيىدىكىدىن باشقىچە، گېرمانىيىدە بولسا، رۇسىيىدىكىدىن باشقىچە قوللىنىلىدۇ»①.

پارتىيىمىز 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان قايتىدىن ئەسلىگە كەلگەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەنگە ئاساسەن دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش شۇنىڭدەك چەت ئەللەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى بىر قاتار ئىلمىي نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئالغا سۈرۈش بىلەن بىرگە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ھالدا ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلىدى. يولداش جاۋزىياڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيىمىز بۇ مەسىلىگە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئېنىق جاۋاب بەردى. بۇ ھۆكۈم ئىككى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، جەمئىيىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەت. بىز سوتسىيالىزمدىن چەتنەپ كەتمەي، ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز يەنىلا تۆۋەن باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ، بىز بۇ باسقۇچتىن ھالقىپ كەتمەي، مۇشۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك». بۇ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەننىڭ داۋامى، بېيىشى، راۋاجى، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىي تەجرىبىسىنىڭ يۈكسەكلىكتە كۆتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

II

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى دېگەن نېمە؟ يولداش جاۋزىياڭ بۇ مەسىلىگە ناھايىتى ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردى. ئۇ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئۇ، ھەرقانداق دۆلەت سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغاندا بېسىپ ئۆتىدىغان ئىپتىدائىي باسقۇچ دېگەن ئومۇمىي مەنىنى ئەمەس، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئارقىسىدا قالغان، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان شارائىتتا تۇرۇۋاتقان، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم

① لېنىن: «بىزنىڭ پروگراممىلىرىمىز»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5-بەت.

قۇرۇشتا بىسىپ ئۆتۈشى مۇقەررەر بولغان ئالاھىدە باسقۇچ دېگەن خاس مەنىنى بىل-
دۈرىدىغان باسقۇچ. دۆلىتىمىزدە 50- يىللاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان
خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇنلانغاندىن
تارتىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشقىچە
ئازدېگەندە يۈز يىلچە ۋاقىت كېتىدۇ، بۇ ۋاقىت سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىغا
مەنسۇپ بولىدۇ». بۇنىڭدىن دۆلىتىمىزنىڭ ھازىر تۇرۇۋاتقان تەرەققىيات باسقۇچى
سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسىغا ئاساس سېلىنمىغان ئۆتكۈنچى دەۋردىنمۇ،
سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلگە ئاشقان باسقۇچتىنمۇ پەرق-
لىنىدىغان ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنى نەزەرىيە
جەھەتتىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشىمىزدىن مەخسەت سوتسىيالىزمنىڭ
تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى
تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، ئۇنى ياخشى ئىگىلەش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى
بويلاپ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت.

يولداش جاۋ زىياڭ 13 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا: «سوتسىيالىزمنىڭ 30
نەچچە يىللىق تەرەققىياتى ئارقىلىق دۆلىتىمىز ھازىر قانداق ھالغا كەلدى؟ بىر تەرەپ-
تىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جەھەتتىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان
سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈم، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىس-
تىك سىياسىي تۈزۈم ۋە ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنى تىك-
لەندى، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلدى، دۆ-
لىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى غايەت زور دەرىجىدە ئاشتى، مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت
ئىشلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاھالىمىز كۆپ، ماددىي ئاساسى-
مىز ئاجىز، ئومۇمىي مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان
ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى جەھەتتە ھېلىھەم دۇنيا بويىچە ئارقىدا تۇرۇۋاتىمىز. سوتسىيالىس-
تىك ئىقتىسادىي تۈزۈم تېخى كامال تاپقىنى ۋە مۇكەممەللىشىپ كەتكىنى يوق؛ سوت-
سىيالىستىك يۈكسەك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قاتار ئىق-
تىسادىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت شارائىتى تېخى تولۇق ئەمەس، فېئودالىزم ۋە كاپىتا-
لىزمغا خاس چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشقا خاس ئادەت كۈچ-
لىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى تېخى كەڭ»، دەپ كۆرسەتتى. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوت-
سىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى
بىرقانچە تەرەپلەردىن ئىپادىلەش مۇمكىن:

بىرىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى:

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پۈتكۈل سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي بەلگىسى. مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلىپ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويدى. ئەمما مەملىكىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. بۇ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى ۋە كۆپ قاتلاملىققا ئىگە بولۇشى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. شۇنداقلا بۇ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى ئېلىمىزدىكى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، ئۇ، سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. نۆۋەتتە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكتىن باشقا يەنە ئەمگەكچىلەرنىڭ يەككە ئىگىلىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىك، جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەر شېرىكچىلىكىدىكى ۋە ھەمكارلىقىدىكى ئىگىلىك. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان ئىگىلىك قاتارلىقلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر ھەم پايدىلىق تولۇقلىمىسى. شۇڭا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

(2) ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تەركىبلىرى ۋە كۆپ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇلى مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇقەررەر ھالدا كۆپ خىل تەقسىمات شەكلىنىڭ بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ ھەر قانداق بىر خىل تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆز خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ».① ھازىرقى باسقۇچتا ئەمگەككە قاراپ

① ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد»، 1971 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 25- بەت.

تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئۇسۇلدىن ۋە يەككە ئەمگەك تاپاۋىتىدىن باشقا، كارخانىلار مەبلەغ توپلاش يۈزىسىدىن قەرز چېكى تارقاتقاندىن كېيىن ھەقدارلىق ھوقۇقىغا ئاساسەن ئۆسۈم ئالىدىغان ھەمدە ھەسسىدارلىق ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن پايغا پايدا تەقسىم قىلىدىغان ئىشمۇ بارلىققا كېلىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا خۇسۇسىي كارخانىلاردا مەلۇم ساندا ئەمگەك كۈچى ياللاش ئارقىسىدا، كارخانا ئىگىلىرى ئەمگەك دارامىتىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم دارامەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۈچۈن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. تۈرلۈك ئىقتىسادىي بىرلىشىشمۇ بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، بۇلار ئىچىدە ئەمگەك بويىچە بىرلىشىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياكى سېتىش بويىچە بىرلىشىش بار، مەبلەغ ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بويىچە پاي قوشۇپ ئىگىلىك باشقۇرۇشمۇ بار، بىرلەشكۈچىلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدىغان دارامەتنىڭ بىر قىسمى پاي ئۆسۈمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىرىملەر قانۇنغا مۇۋاپىق بولسىلا، ئۇنىڭغا يول قويۇلىدۇ. دېمەك، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشقا ياتمايدىغان تەقسىمات شەكلى ھېلىمۇ مەۋجۇت، لېكىن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يەنىلا ئاساسىي تەقسىمات شەكلى ھېسابلىنىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساس، باشقا تەقسىمات شەكىللىرى قوشۇمچە قىلىنىدىغان بۇنداق تەقسىمات قۇرۇلمىسى ھەم سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ تۈپ بەلگىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ھەم مەملىكىتىمىزدە كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

(3) ئورتاق بېيىش شەرتى ئاستىدا، بىر قىسىم رايونلار، بىر قىسىم كارخانىلار ۋە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىشقا تايىنىپ ئاۋۋال بېيىشقا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش. بۇ، ئورتاق بېيىشقا مېڭىشنىڭ مۇقەررەر يولى. سوتسىيالىزمنىڭ مەقسىتى ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، ئورتاق بېيىش — تامامەن تەڭ ۋە تەكشى قەدەم بىلەن بېيىش دېگەنلىك ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىر قىسىم رايونلار ۋە بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئالدىن بېيىشقا يول قويغاندا، ئاندىن مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەرنى ئەمگەك ئارقىلىق بېيىشقا كۈچلۈك جەلپ قىلغىلى، ئۇلارغا ئۈلگە كۆرسەتكىلى ۋە ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرغىلى شۇنىڭدەك تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنى بېيىش يولىغا يېتەكلىگىلى بولىدۇ. بىرقىسىم رايونلار ۋە بىرقىسىم كىشىلەر ئالدىن بېيىسا، بايلىق بىلەن كەمبەغەللىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىپ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كېلىپ چىقمايدۇ، چۈنكى، بىز پۈتكۈل جەمئىيەت دائىرىسىدە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىمىز. شۇڭا، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان پەرق، ماھىيەتتە، بېيىش دەرىجىسى جەھەتتىكى پەرق، نامراتلىقتىن

قۇتۇلۇشنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىكىدە يەنە ئاۋۋال بېيىش بىلەن كېيىن بېيىشنى ساقلىنىۋاتقان پەرق بولۇپ، بۇ ھەرگىزمۇ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەمەس.

(4) سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش. تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرۇش ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان باسقۇچ. ئىشلەپچىقىرىشنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي شەرت. شۇڭا تاۋار ئىگىلىكىنى تولۇق راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن ئىگىلىكنى ھەقىقىي تۈردە جانلاندۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، ئىگىلىكنى جانلىق باشقۇرۇپ، مۇرەككەپ ۋە ئۆزگىرىشچان ئىجتىمائىي تەلەپلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن ماسلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يولداش جاۋزىياڭ 13-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيە 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدا: وتسىيالىستىك ئىگىلىك — ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك توغرىسىدىكى ئىلمىي يەكۈنى، ماركسىزمنىڭ زور راۋاجى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىمىزنىڭ تۈپ نەزەرىيىۋى ئاساسى». دېمەك بۇ تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(5) بىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش سۈرئىتى جەھەتتە بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئېشىپ كەتكەن بولساقمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن سېلىشتۇرغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، ئاھالىمىز كۆپ، ئاساسىمىز ئاجىز، ئومۇمىي مىللىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى جەھەتتە ھېلىمۇ دۇنيا بويىچە ئارقىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەمەلىيىتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، كۈچنى توپلاپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى تۈپ ۋەزىپە. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىزمنىڭ كۈچلۈك ماددىي ئاساسىنى بەرپا قىلغىلى، كاپىتالىزمدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولغان ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ياراتقىلى، نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلغىلى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يولداش جاۋزىياڭ پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش

توپ ۋەزىپە قىلىنىدۇ. تۆۋەن باسقۇچتا نامراتلىق ۋە قالاقلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى بارلىق خىزمەتتە مەركەز قىلىش ئالاھىدە زۆرۈر». دەپ كۆرسەتتى.

ئىككىنچى سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى سىياسىي تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى:

(1) دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى، ئىشچى، دېھقان ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى دېموكراتىيە بىلەن دىكتاتۇرىنىڭ بىرلىكى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئالدى بىلەن سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى، پۇقرالىق ھوقۇقلىرىدىن، دۆلەتنى ۋە كارخانىنى، كەسىپنى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇش سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىلدى، ئەمما تېخى مۇكەممەل ئەمەس. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك يۈكسەك دېموكراتىيە بىلەن ئەمەلىيەتتىكى تولۇق بولماسلىق ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنىڭ بىر قەدەر قالاقلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. يولداش جاۋزىياڭ 13 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا: «سوتسىيالىستىك يۈكسەك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قاتار ئىقتىسادىي شارائىت ۋە مەدەنىيەت شارائىتى تېخى تولۇق ئەمەس» دەپ كۆرسەتتى. دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمايدۇ. بۇ مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى. شۇڭا ئىسلاھاتنى يەنىمۇ تېزلىتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يۈكسەك دېموكراتىيە بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىپ شەرت - شارائىت يارىتىشىمىز لازىم.

(2) سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يەنە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىچكى ئامىللار ۋە خەلقئارا تەسىر تۈپەيلىدىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەلۇم شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مەملىكىتىمىزدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش شارائىتى ھەقىقەتەن يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار دۈشمەن، ئىشپىيون ئۇنسۇرلار، سوتسىيالىستىك تەرتىپكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خىلمۇخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى، خىيانەتچىلەر، ئوغرىلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ھەمدە بۇنداق ئەھۋالنى ئۇزاق مۇددەت ئىچىدىمۇ پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتكىلى بولمايدۇ. سوتسىيالىزمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان كۈچلەرگە ۋە دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا دىكتاتورا يۈرگۈزۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ باستۇرۇش فۇنكسىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

(3) فېئوداليزمنىڭ قالدۇق تەسىرى يەنىلا مەۋجۇت. مەملىكىتىمىز فېئوداليزمنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەن مەملىكەت. بىز گەرچە جاھانگىرلىككە، فېئوداليزمغا قارشى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، فېئوداليزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ۋە فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بولساقمۇ، «فېئوداليزمنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتتىكى قالدۇق تەسىرىنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق مۆلچەرلەپ كېتەلمىگەنلىكىمىز، كېيىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىشقا تېزلا كىرىشىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماي قالدۇق». ① مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى سىياسىي تۈزۈلمىسىدىكى ھوقۇقنى ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېتىش مەسىلىسى ھەمدە بۇنىڭدىن پەيدا بولغان بيۇروكراتلىق، ئائىلە باشلىقلىق، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسى جەھەتتىكى باقىۋەندىلىك ۋە خىلمۇ خىل ئىمتىيازچىلىققا ئوخشاش ئىللەتلەرنىڭ فېئوداليزم ئىدىيىسى بىلەن ئۇنداق ياكى مۇنداق جەھەتلەردە باغلىنىشلىق. يولداش جاۋزىياڭ 13 - قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا: «فېئوداليزم ۋە كاپىتاليزمغا خاس چىرىك ئىدىيەلەرنىڭ ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشقا خاس ئادەت كۈچلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى تېخى كەڭ، ئۇ پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنى ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەتچىلەر قوشۇنىغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، فېئوداليزمنىڭ قالدۇق تەسىرىنى تازىلاش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى بولۇشى كېرەك.

### ئۈچىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى

(1) ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچى ئورنى تىكلەندى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلمىي دۇنيا قارىشى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ھەم پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولغان ماركسىزم پۈتكۈل مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېتەكچى رول ئوينىماقتا. غايە قۇرۇلۇشى، ئەخلاق قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، دېموكراتىيە قانۇنچىلىق قارىشى جەھەتتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھېچقايسىسى ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ، ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشتىن ئايرىلالمايدۇ. ئەمما، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا باشقا ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسى يەنىلا مەۋجۇت، بۇنى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۈزۈل - كېسىل تازىلاپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى

---

① يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا» دېگەن سۆزىدىن ئېلىندى.

توغرىسىدىكى قارارى» دا: «ماركسىزم - لېنىنىزم - ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى». دەپ كۆرسىتىلدى.

(2) سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىدىيىۋى ئەخلاق قۇرۇلۇشى ۋە مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، فېئودالىزمنىڭ ئەخلاقى ۋە كاپىتالىزمنىڭ ئەخلاقىمۇ مەۋجۇت. ماركس: «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە: «ئۇ، ھەر جەھەتتە، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۆزى تۆرەلگەن ھېلىقى كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.① شۇڭا ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

(3) ئېلىمىزنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىدا خېلى تەرەققىياتلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئوبيېكتىپ ۋە سوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا بىر قەدەر كېيىن. ئاھالىنىڭ تەخمىنەن تۆتتىن بىرى ساۋاتسىز چالا ساۋات بولغان ئەھۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا پەن - تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكەش لازىم.

## III

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى مەسىلىسى پارتىيىمىز 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ئىنتايىن مۇھىم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي مەسىلە. ئۇنى توغرا چۈشىنىش پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە:

(1) دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى توغرا تونۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى.

① «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى، 246 - بەت

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ باش تەلىپى، بۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسلىق خۇلاسە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا چوقۇم جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشىمىز لازىم. جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئايرىلغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى ئەتراپلىق، ئىگىلەپ ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان يولنى تېپىپ چىقىش لازىم. بۇ بىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى چىقىش نۇقتىمىز مانا مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن بولۇپمۇ 1958 - يىلىدىن كېيىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا «سول» چىللىق خاتالىقى تۈپەيلىدىن دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلماي، باشقا دۆلەتلەرنىڭ «ئەندىزىسى» نى ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدا بولغان مۈلۈكچىلىك جەھەتتە بىر تەرەپلىمە ھالدا «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي بولۇش» نى قوغلىشىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەدبىرلەرنى بەلگىلەشتە ھوقۇقنى دۆلەتنىڭ قولىغا يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈۋالىدىغان، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە قىممەت قانونىيىتىنىڭ رولىغا سەل قارايدىغان ئىشلارنى سادىر قىلدۇق ھەمدە ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولغان كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە يېتىپ بارماقچى بولدۇق. بۇ ئىشلار جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىزدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بوغۇپ تاشلىنىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەر سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا ماركسىزم - لېنىنىزمنى دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىشىمىزنىڭ كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىدى.

(2) دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى توغرا تونۇش توغرا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشىمىز ۋە ئىجرا قىلىشىمىزنىڭ تۈپ ئاساسى. مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى پارتىيىمىزنىڭ سىياسىي لۇشيەن ۋە كۈرەش نىشانىنى تۈزۈشتىكى تۈپ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ستراتېگىيە، فاڭجېن، تەدبىرلەرنى

ۋە ھەر قايسى جەھەتتىكى سىياسەتلەرنى تۈزۈشتىكى چىقىش نۇقتىسى. مەسىلەن، دۆلىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلما مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىشىنى بەلگىلىگەن بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك تەركىبلىرىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش لازىم. يېزا ئىگىلىكىدە ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلار دۆلەت ئىگىلىكىدە بولۇش، كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر ئىجارىگە ئېلىپ ياكى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش قاتارلىق كۆپ خىل باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىمۇ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇپ، بۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمما، بىر قىسىم كىشىلەر بۇ ئۇسۇللارنى توغرا چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتە سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ، فاڭچېن، سىياسەتلەرنى قوللىنىشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىك. نۆۋەتتە پارتىيىمىزنىڭ ھەر قايسى جەھەتلەردە قوللانغان فاڭچېن، سىياسەتلىرى شۇنىڭدەك تەدبىرلىرى، جۈملىدىن سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئەمەلىيىتى ئاساس قىلىنغان. بۇ نۇقتىنى ئېنىق تونۇغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭچېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى چوڭقۇر چۈشەنگىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا ھەم «سول» چىللىقتىن ھەم، ئوڭچىللىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(3) دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى پۇختا ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

يولداش جاۋزىياڭ تەشۋىقات، نەزەرىيە، ئاخبارات ۋە پارتىيە مەكتەپلىرى كادىرلار يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى لۇشيەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش لۇشيەنى بولدى. بۇ لۇشيەننىڭ مۇنداق ئىككى ئاساسىي نۇقتىسى بار،

بىرى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، يەنە بىرى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،
سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش. بۇلارنىڭ بىرى
كەم بولسا بولمايدۇ» مۇشۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىلا پارتىيە-
نىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەنىنىڭ تولۇق مەزمۇنى ۋە
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەردە تۆت ئاساسىي پرىن-
سىپنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش بىلەن
قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويىدىغان مۇجمەل قاراشلار ساقلانماقتا. ئۇلار قانداقتۇ، ئىسلاھات ئې-
لىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش تىلغا ئېلىنسىلا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرمىسىمۇ بولىدىغاندەك ئويلىشىدۇ؟ ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تىلغا ئېلىنسىلا
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى يىغ-
ىشتۇرۇپ قويسا بولىدىغاندەك ئويلىشىدۇ؟ دېگەندەك ئوخشاش تونۇشلاردا بولۇۋاتىدۇ.
بۇ، ئىككى ئاساسىي نۇقتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىغانلىق. ئىككى ئاساسىي
نۇقتا بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر - بىرىنى
چەتكە قېقىش مۇناسىۋىتى ئەمەس بەلكى، بىر - بىرىگە بېقىنىش مۇناسىۋىتى. يولداش
خاۋ يابالك پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا يەنە پارتىيىمىز-
نىڭ سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى ئاساسىي
لۇشيەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، بولسىمۇ «مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يې-
تەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىن-
سىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ،
ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتى-
مىزنى زامانىۋىلاشقان باي - قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك
مەملىكەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش» تىن ئىبارەت. ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇش - پارتىيىمىزنىڭ سوت-
سىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، شۇنداقلا
3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بويانقى ئاساسىي تەجرىبىمىز. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ
تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توپتىن كاپالەتلىك قىل-
غىلى بولىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن
تېخىچە بوغۇلۇپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ تېز ئازاد قىلىپ، ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزمنىڭ
تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش لازىم. شۇنداق
قىلغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىپ، بىر مەركەز، ئىككى
ئاساسىي نۇقتىنىڭ مەزمۇنىنى پۇختا ئىگىلىگىلى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىز-
چىل ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ.

# ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق ئېللىنىزم مەدەنىيىتى

ئابدۇكېرىم راخمان

## I

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت مەنبەلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا چۈشەنچىسى بىر جۇغراپىيىلىك نام بولۇپ، ئۇ غەربتە كاسپىي دېڭىزىدىن شەرقتە ھىنگان تاغلىرىغىچە، جەنۇبتا ھىمالايا تېغىدىن شىمالدا ئالتاي تېغىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاساسلىقى ئامۇ دەريا بىلەن سىر دەريادىن ئىبارەت ئىككى دەريانىڭ بويلىرىدىكى رايونلار (تارىختا ماۋارەئۇننەھر دەپ ئاتالغان جايلار) نى كۆرسىتىدۇ دېگەن قاراشلارمۇ بار. ھازىرقى زامان جۇغراپىيىلىك ئۆلچىمى بويىچە ئايرىلغاندا، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان، تاجىكىستان قاتارلىق رايونلار شەرتلىك ھالدا ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىدۇ. لېكىن قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەشۇ نوقۇل چېگرا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ياپونىيىلىك ئالىم يوي تىيەنخېڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ناملىق كىتابىدا قەدىمكى خەنزۇچە مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ «غەربىي

---

(بېشى 13 - بەتتە)

سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پارتىيىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلاشقانلىقى ۋە سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى قايتا بىلىشىنىڭ نەتىجىسى. بۇ نەزەرىيە پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى تۈزۈشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى، پارتىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىنىڭمۇ نەزەرىيىۋى ئاساسى شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە قارشى تۇرۇش ۋە قاتمال ئىدىيىنى تۈگىتىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالى. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، 13 - قۇرۇلتاي ئوتتۇرىغا قويغان يۆنىلىشنى بويلاپ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىگىلى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى نامايەندە قىلغىلى بولىدۇ.

يۇرت» دېگەن بۇ نام كەڭ مەنىدە ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆرسىتىدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مەن غەربىي يۇرت دېگىنىمدە ئاساسەن ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان رايوننى، جۈملىدىن دەريالىرى ئاساسەن دېڭىزغا قۇيۇلمايدىغان كەڭ جايلارنى كۆزدە تۇتتۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ نام ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلار ئاساسەن پامىر ئېگىزلىكىنى مەركەز قىلىدۇ ۋە شەرقتە لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغان تارىم دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبىنى، شىمالدا ئىسسىق كۆل، بالقاش كۆلى ۋە ئالا كۆللەرگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى، يەنى ئىلى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جايلارنى؛ غەربتە چۇ، تالاس دەريا ۋادىلىرىنى ۋە ئارال دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ ۋادىلىرىنى، يەنى غەربىي تۈركىستاننى؛ جەنۇبتا قارا قۇرۇم (كۇئېنلون) ۋە ھىندىقۇش تاغ تىزمىلىرى بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلارنى كۆرسىتىدۇ.»① بىزمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە نەزەرىمىزنى ئاشۇ جايلارغا تىكىمىز. چۈنكى بۇ رايونلار تارىختا نىسپىي ھالدا ئۆزىگە خاس بىر مەدەنىيەت بەلبېغى ھېسابلانغان، شۇنداقلا بۇ جايلار «سىياسىي جەھەتتە قەدىمدىن تارتىپ بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن، گاھىدا كۆپ قىسمى، گاھىدا ھەممىسى مەلۇم بىر تەسىر كۈچ ئاستىدا بىرلىككە كەلگەن.»② «شۇنىڭ بىلەن، ئەسلىدىكى خىلمۇ - خىل ئېرقلار ۋە مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي ھالدا ئۆزئارا قوشۇلۇش پەيدا بولغان.»③ دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخى — بىرمۇنچە مىللەتلەرنىڭ پائالىيەت قىلىش، يۆتكىلىش، كۆچۈش تارىخىدۇر.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى، دەپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە تارقىلىشىدا تۈگۈنلۈك (كۆۋرۈكلۈك) رول ئوينىغان، چۈنكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشتا، دېڭىز قاتنىشى تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ ئاساسلىق قاتناش يولى بولغان ئىدى. قەدىمكى برونزا (مىس) مەدەنىيىتىگە تەئەللۇق بولغان «برونزا يولى» ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن «يىپەك يولى» مۇ ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈگۈن قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادا قەدىمكى دەۋرلەردە ئېتنىك تەركىبى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خىلمۇ - خىل سىياسىي ئىمپېرىيىلەر ۋە ھاكىمىيەتلەر قۇرۇلۇپ، مۇرەككەپ سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندۇرگەن. بۇ ھاكىمىيەتلەر سىياسىي جە-

① «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1 - 2 - بەت.
② ③ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، 3 - 4 - بەتلەر.

ھەتتە ئوتتۇرا ئاسىياغا قانچىلىك بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيىپك-تىپ جەھەتتە شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىش قەدىمىنى تېزلەتكەن. بىز بۇ ماقالىمىزدا ئوت-تۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاشۇ بىر نۇقتا ئۈستىدە توختىلىمىز.

## II

ئېللىنىزم ئاتالغۇسى ئەڭ دەسلەپ بىر خىل گرېك مەدەنىيىتى تىپىنىڭ نامى سۈ-پىتىدە گرېتسىيە يېرىم ئارىلىدىكى ئەللىدا شەھىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ دۇنيا-نىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا «يۇنان ئېللىنىزمى» دەپ ئاتالغان. ماكېدونىيەلىك ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى بىلەن بىرلىكتە يۇنان ئېللىنىزمى ئوتتۇرا ئاسىيا-غا سىڭىپ كىرىپ ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا شەرق ئېللىنىزمى مەدەنىيەت تىپىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزم مە-دەنىيىتى قەدىمكى دەۋرلەردە قانات يايغان غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ مۇرەككەپ تا-رىخىي كەچۈرمىشلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

مىلادىدىن بۇرۇن VII ئەسىردە قۇرۇلغان ئىران ئاھمانىلار خانلىقىنىڭ باسقۇنچى-لىق سىياسىتىگە قارشى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى تاكى مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىرگىچە 300 يىل داۋام قىلدى. بولۇپمۇ ئاھمانىلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى دارا I (مىلادىدىن بۇرۇنقى 522 — 486 يىللار) دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىران باسمىچىلىرىغا قارشى كۈرىشى تېخىمۇ ئەۋ-جىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنداق، بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 334 - يىلى ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن 3 مىڭ پىيادە ۋە 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆتۈپ، شىددەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق ئاھمانىلار ئىمپېرىيىسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇندىن كېيىن ئىسكەندەر ئاھمانى قوشۇنلىرىنى ئامۇ (جەيھون) دەريا بويلىرىغا قوغلاپ كېلىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلى ناۋتاكا ۋە ماراكەنت (سەمەرقەنت) قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 331 - يىلى ئاھمانىلار پادىشاھى دارا II گانگامىلا ئۇرۇشىدا ئىسكەندەرتەرىپىدىن يېڭىلىپ، باكتىرىيىگە قېچىپ كەلگەندە باكتىرىيە ھىراۋۇلى بېسسۇس (Bessios) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئىسكەندەر يەنە بېسسۇس ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىپ باكتىرىيىگە بېسىپ كىردى ۋە سىر (سەيھون) دەرياسىدىن ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى خوجەند يېنىدا قەلئە قۇرۇپ، ئۇنى «يىراق ئىسكەندىرىيە» دەپ ئاتىدى. ئەمدى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خارەزمدىن تاش-

قىرى جايلىرى ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندى. ماكېدونىيىلىكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باسقۇنچىلىق ھەرىكىتى يەرلىك خەلقنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. سەمەرقەنتتە سوغدىيانىلارنىڭ ئىستىبداتلىق لەشكەر باشچىسى سىپتامىن تەرىپىدىن كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ ۋە سىپتامىننىڭ ئىسكەندەر باسقۇنچىلىقىغا قارشى مەردانە كۈرەشلىرى ھەققىدە ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلىپ كەلگەن قەھرىمانلىق قوشاقلىرى يەرلىك خەلقلەرنىڭ ماكېدونىيەلىكلەرنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتىگە بولغان نارازىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسكەندەر قوشۇنلىرىغا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ گاھ ئۇ يېرىدە، گاھ بۇ يېرىدە تىنىمسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خەلق قوزغىلاڭلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كەلدى. ئىسكەندەر ئوتتۇرا ئاسىيانى پۈتۈنلەي بېسىۋالغاندىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 327 - يىلى ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە ئۇ رايونلارنىمۇ بۈيۈك ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسى دائىرىسىگە قوشۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ باسقۇنچىلىق يۈرۈشلىرى ئارقىسىدا بىر تەرىپى ئادرىياتىك دېڭىز قىرغاقلىرىدىن ھىندى دېڭىزىغىچە، يەنە بىر تەرىپى يۇقىرى نىلدىن سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريا ساھىلىغىچە بولغان ناھايىتى چوڭ تېررىتورىيىنى ئىگىلىگەن. شۇ دەۋردىكى شەرقنىڭ بارلىق مەدەنىي مەملىكەتلىرىنى بىرلەشتۈرگەن يىگانە مۇنارخىيە دۆلىتى ۋۇجۇدقا كەلدى. تۈرلۈك قەبىلە - مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بۇ تېررىتورىيە جۇغراپىيىۋى چۈشەنچە دائىرىسىدىن چىقىپ، بىر خىل مەدەنىيەت ئورگانىزمىغا ئايلاندى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈشى شەرقنىڭ يۇنان ۋە باشقا ياۋروپا مەملىكەتلىرى ھەمدە خەلقئارا سودا يوللىرى بىلەن ئۇلىنىشىغا، شۇنىڭ بىلەن سودا - سېتىق ۋە سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنداق قىلىپ، قەدىمكى شەرق مەملىكەتلىرى ئەمدىلىكتە يۇناننىڭ راۋاجلانغان قۇلدارلىق تۈزۈمى دۆلەت ئورنىتىشىغا قوشۇلغان ئىدى. بۇ بولسا كېيىنچىرەك شەرقتە مەركەزلەشكەن يىرىك ئېللىنىستىك دۆلەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى شەرق ئەنئەنىسى بىلەن بۈيۈك يۇنان مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ راۋاجىغا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن بارلىققا كەلگەن ئىنسانىيەت روھىي - مەنىۋى راۋاجىنىڭ يېڭى دەۋرى — شەرق ئېللىنىزم دەۋرى مەدەنىيىتىگە ئاساس سالدى.

ئىسكەندەرنىڭ شەرقتە ئېلىپ بارغان سىياسىتى يۇنان خەلقىنىڭ مىڭ يىللار بۇرۇن ياراتقان ئىنتايىن يۈكسەك ئىنسان مەدەنىيىتىنى (ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنى) شەرققە ھەدىيە قىلىشىغا زېمىن تۇغدۇرغان ئىدى. ئىسكەندەر يۇنان گۇمانىزمىنىڭ ئەڭ ياخشى تەرەپلىرىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنىڭ باسقۇنچىلىق سىياسىتى قانچىلىك پاراكەندىچىلىككە سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئۆزىنىڭ بېسىۋالغان يەرلىرىدە دوستلۇق، تىنچلىق ۋە ئۆزئارا ئىناقلىق غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلدى. ئۇ ئەنە شۇ تارىخىي شا-

رائىتتا مەۋجۇت بولغان قاراشلارنى، يەنى ئادەملەرنى «يۇنانلار» ۋە «ۋارۋارلار» (ياۋايىلار) دەپ ئىككى تەبىقىگە ئاجرىتىپ، يۇنانلارنى باشقا خەلقلەردىن يۇقىرى قويۇش ئىدىئولوگىيىسىگە قارشى تۇردى ھەمدە «يۇنانلار» بىلەن «ۋارۋارلار» نى بىرلىشىشكە چاقىردى. پولۇ تارىخ: «ئىسكەندەر يەرلىك خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن يېقىنلىشىشقا، ئۇلارغا ماكىدونىيىلىكلەرنىڭ ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ زورلاۋانلىقتىن كۆرە ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئارىلىشىپ كېتىش ماكىدونىيىلىكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ياخشىراق مۇستەھكەملەيدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسكەندەر يەرلىك خەلقلەردىن 30 مىڭ بالىنى تاللىۋېلىپ، يۇنانچە خەت ساۋادىنى چىقىرىشقا، ماكىدونىيە ھەربىي ئىلمىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ناھايىتى كۆپ ئوقۇتقۇچىلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى.»① دەپ يازغان.

ئىسكەندەر يەرلىك خەلقلەرگە يېقىنلىشىش، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەتتا يەرلىكچە كىيىنىپ يۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ يەرلىك مىللىي مۇراسىملىرىغا ھەۋەس بىلەن قاتناشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر مىللىي مۇراسىمدا يەرلىك خەلقلەردىن رۇشەنئاي (راكسىنا) دېگەن ئۇسسۇلچى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن ھەمدە ئوردىسىغا يەرلىك خەلقلەردىن ئۇسسۇلچى ۋە مۇزىكانتلارنى تەكلىپ قىلغان.

ئىسكەندەر قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندە، بۇ رايون ئىنتايىن باي بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى ۋە ئاۋات شەھەرلىرى بولغان. يۇنان تارىخچىلىرىدىن كىۋىنت روفنىڭ شاھىتلىق قىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن ھېسابلانغان ماراكەنت (سەمەرقەنت) ئىسكەندەر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن بېسىپ ئېلىنغان مەزگىللەردىلا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 329 - يىل) مۇستەھكەم ئىستىھكاملارغا ئىگە ئاۋات شەھەر بولۇپ، خەلقى مەرت، يۇقىرى مەدەنىيەتلىك ۋە ئالىيجاناب بولغان، بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئىسكەندەر: «ماراكەنتنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە نېمىنى ئاڭلىغان بولسام، ھەممىسى ھەقىقەت چىقتى، شۇنى ئېتىراپ قىلايكى، ئۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىن ھەم چىرايلىق ئىكەن»② دەپ قايىل بولغان. كىۋىنت روفنىڭ ھېكايە قىلىشىچە، ماكىدونىيىلىكلەر ماراكەنتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن نام چىقارغان 30 چە سوغدىيانلىق ئەسىرنى ئىسكەندەر ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ئەسىرلەر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى تەرجىمان ئارقىلىق بىلگەندىمۇ يەنىلا ناخشا ئېيتىپ، ئويۇنغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنىڭ خۇرسەنچىلىكلىرىنى، تىز پۈكمەيدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ جاسارەتتىن ھەيران قالغان ئىسكەندەر ئۇلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇق بېرىدۇ.

دېمەك، ئىسكەندەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ دەۋردە، ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك

① م. راھمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىرى»، تاشكەنت، 1975 - يىل، 77 - بەت.
② م. راھمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىرى» تاشكەنت، 1975 - يىل، 77 - بەت.

خەلقلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە گرېكلەشتۈرۈش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىققانىدى.

بىراق ئىسكەندەرنىڭ مۇنداق يىرىك مونارخىيە دۆلىتىنىڭ بىرلىكى ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. ئىسكەندەر مىلادىيىدىن بۇرۇن 323 - يىلى ھىندىستاندىن قايتىش سەپىرىدە ئاغرىپ ئۆلدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى ئارىسىدا ئىچكى يېغىلىق يۈز بېرىپ، ئىسكەندەر تەشكىل قىلغان ئىنتايىن چوڭ مونارخىيە ئۈچ يىرىك دۆلەتكە (يۇنانىستان بىلەن ماكېدونىيە دۆلىتىگە، پىتولومېينىڭ مىسىر دۆلىتىگە، سېلېۋاكنىڭ ئاسىيا دۆلىتىگە) بۆلۈنۈپ كەتتى، بۇ تەخسىماتتا ئىسكەندەرنىڭ تالانتلىق سەركەردىلىرىدىن سېلېۋاك (سېلېۋكوس نىكاتور) قا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلى مىسوپاتامىيە ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى دۆلەتلەر بېرىلدى. سېلېۋاك تېز ئارىدا مىسوپاتامىيە، ئەرمىنىستان، ئىراندىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سوغدىيانا، باكتىرىيە، مەرۋى ۋىلايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ يىرىك ئۇيۇشقان سېلېۋاك خانلىقىنى قۇردى. سېلېۋاك خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا گرېكلەشتۈرۈش (ئېلىنىزم) ئېقىمى تېخىمۇ كۈچەيدى. سېلېۋاك سوغدىيانا ۋە باشقا يەرلەردە ئىسكەندەر ۋاقتىدا يەرلىك كىشىلەردىن قويۇلغان ھۆكۈمدارلارنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ماكېدونىيىلىكلەرنى تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەرنىڭ كېلىشتۈرمىچىلىك سىياسىتىگە خاتىمە بېرىپ، دۆلەتنى قورال كۈچى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتىگە كۆچتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلغىچە سېلېۋاك خانلىقى دەۋرىدە يۇنان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ شەرققە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەلخ (باكتىرىيە)، مەرۋى، سەمەرقەنت قاتارلىق يىرىك شەھەرلىرىگە كۆچۈشى كۈچەيدى. ئۇلار ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە بىر تەرەپتىن يۇنانلىقلارنى ئالىي جىنىسلىقلار دەپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ يەرلىك ئاھالىنى بېسىش يولىدا قاتتىق قوللۇق سىياسەت قوللاندى. يەنە بىر تەرەپتىن مەھەللىۋى مەدەنىيەتنى چېكلەپ، يۇنان مەدەنىيىتىنى كەڭ تارقاتتى. نەتىجىدە بۇ دەۋردە يۇنان مەدەنىيىتى ئۇسلۇبى، يۇنان ئۆرپ - ئادەتلىرى، يۇنان تىلى، يۇنان تىياتىرى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىدى. ئىستىلا ئېتىلگەن شەرقنىڭ بەھىساپ بايلىقلىرى يۇنان ھۆكۈمدارلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندى. ھەرقايسى ھۆكۈمدارلار ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىر - بىرىدىن ئېشىپ كېتىش مەقسىتىدە يېڭى شەھەرلەر قۇردى. يۇنان ئۇسلۇبىدا ھەشەمەتلىك ئېھراملار تىكلەپ، ئۇلارنى گۈزەل تەسۋىرىي سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن بېزىدى، ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنەتلىرىنى نامايىش قىلىش ئۈچۈن سارايلىرىنى يۇنان ئەدەبىيات - سەنئەت نامايەندىلىرى بىلەن تولدۇردى ۋە دۇنياغا داڭلىق يۇنان تراگېدىيىلىرى ئوينالدى.

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلدا سېلېۋاكلارنىڭ باكتىرىيىدىكى ئەمەلدارى دىئودوت سېلېۋاكلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، گرېك باكتىرىيە دۆلىتىنى قۇردى. ئۇ ئاسا-

سەن يەرلىك كۆچلەرگە تايىنىپ قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ، مەركىزى باكتىرىيە (بەلخ)
شەھىرى ئىدى. گرېك - باكتېرىيە دۆلىتى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ۋە II ئەسىر ئاخى-
رىغىچە 150 يىل ھۆكۈم سۈردى. گرېك - باكتېرىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرى
گەرچە يۇنانلار بولسىمۇ، بۇ ھۆكۈمدارلار يەرلىك ئاھالىنى چەتكە قاقماسلىق، ئۇلارغا
تايىنىش سىياسىتىگە ئەمەل قىلدى. نەتىجىدە گرېك - باكتېرىيە دۆلىتىنىڭ تەسىر دا-
ئىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى، كۈچ - قۇۋۋىتى، شان - شۆھرىتى ئاشتى. بولۇپمۇ گرېك -
باكتىرىيە دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارى ئېۋتىدىمنىڭ ئوغلى دىمېترى دەۋرىدە (مىلادىيىدىن بۇ-
رۇنقى 189 — 167 - يىللىرى) بۇ دۆلەت ئىنتايىن تەرەققىي تاپتى. ئۇ ئوتتۇرا ئا-
سىيادا يېڭى شەھەرلەر بىنا قىلىشقا چوڭ ئېتىبار بەردى. ئامۇ دەريا بويىدىكى دىمې-
ترىيا شەھىرى مۇشۇ مەزگىلدە قەد كۆتۈردى.

گرېك - باكتېرىيىنىڭ سېلېۋاكلار دۆلىتىدىن ئاجرىلىپ چىقىشى بىلەن بىللە،
پارفىيان ھەم ئاجرىلىپ چىقىپ مۇستەقىل دۆلەت بولىدى. پارفىيانىدا سېلېۋاكلار
تەرىپىدىن قويۇلغان ئەمەلدارلارغا قارشى تەجەن دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان دەي
قەۋمىنىڭ يولباشچىلىرىدىن ئارشاك (ئارساك) بۇ ھەركەتكە باشچىلىق قىلغاچقا، تا-
رىختا ئارساك دۆلىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ئاشخاباد يېنىدىكى نىسا
شەھىرى ئىدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 223 - يىلغا كەلگەندە سېلېۋاك سۇلالىسىدىن
ئانتيوكۇس II تەختكە ئولتۇرۇپ ئارساك دۆلىتىنى قايتا بويسۇندۇردى. شۇنداق قى-
لىپ باكتېرىيە دۆلىتى ئىچىدە بۇنداق بۆلۈنۈش ۋە بىرلىشىش ھادىسىلىرى كۆپ قېتىم
تەكرارلىنىپ تۇردى. پەقەت مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە گرېك -
باكتېرىيە دۆلىتى ئۇلۇغ ياۋچىلار (تۇخارلار) تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، تارىختىكى
تۇخارستان دۆلىتى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭغىچە ئىسكەندەردىن باشلانغان يۇنانلىقلارنىڭ
ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيىتى 300 يىل ئەتراپىدا داۋاملاشتى.

بولۇپمۇ گرېك - باكتېرىيە دۆلىتى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېلىنىزم مەدەنىيىتى
تېز راۋاجلاندى. بۇ دەۋردە يۇنان ھۆكۈمرانلىرى يۇنانىستاندىن ئارخىتېكتۇرلار، ھۈنەر-
ۋەن ئۇستىلار، رەسساملار، ئاكتيورلار، سازەندە ۋە ئۇسسۇلچىلار، يازغۇچىلار، ئالىملار ۋە
باشقا تۈرلۈك كەسىپ ئىگىلىرىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەكەلتۈرۈپ كلاسسىك يۇنان
ئادەتلىرىگە تەقلىدەن ھايات كەچۈرۈشكە ئىنتىلدى. شەھەرلەرگە يىرىك مالىيە ۋە سا-
نائەت ئىگىلىرى، سودىگەرلەر، مىڭلاپ يۇنان ۋە يەرلىك ھۈنەرۋەن - كاسىپلار توپلىنىپ،
شەھەر ھاياتى بارغانسېرى ئاۋاتلاشتى. بۇ ھال ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا زور
ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى. گرېكلار بىلەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ بارغان-
سېرى بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ سىڭىپ كېتىشى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن يەرلىك خەلق-
لەر مەدەنىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ۋە ئۆزئارا تەسىر يۈزلىنىشىنى تېزلىتىش-
كە سەۋەب بولدى. ھەتتا بۇ دەۋردە يۇنان دىنىي ئېتىقادلىرى بىلەن يەرلىك خەلقلەر-

نىڭ مەھەللىۋى دىنىي ئېتىقادلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە يۇنان مەدەنىيىتى يەرلىك مەھەللىۋى مەدەنىيەتكە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، مەھەللىۋى مەدەنىيەتمۇ يۇنان مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتتى.

ئېللىنىزم — قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن I ئەسىرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا ئاسىيا ئېللىنىزمىنى پەقەت نوقۇل مەدەنىي، تارىخىي ھادىسە دەپلا قارىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ دەۋردە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە كۆتۈرۈلۈش، يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. ئىلگىرى تارىختا بولمىغان يېڭى تىپتىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي دۆلەتلەر بىرلەشمىسى مەيدانغا كەلدى. بۇ يېڭى بىرلەشمە دۆلەتلەر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەپتىن تار رامكىدىكى مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشاشمايتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىي ئىگىلىكىدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۈزۈمى شەكلى بىكار قىلىنىپ قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىمۇ ئەنە شۇ دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىقتىسادىي ئىگىلىك تۈزۈمى جەھەتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر مۇقەررەر ھالدا يەرلىك خەلق مەدەنىيىتى بىلەن چەتتىن كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر جەريانىنى بارغانسېرى كۈچەيتىپ باردى. نەتىجىدە يېڭى ئارىلاش مەدەنىيەت - ئېللىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە زېمىن ھازىرلىدى. بۇ كۆپرەك ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق، مىمارچىلىق ۋە تىياتىر سەنئىتى قاتارلىق ساھەلەردە روشەن گەۋدىلىنىدۇ. قۇلدارلىق جەمئىيىتى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا باياشاتچىلىق غايىلىرىنىڭ راۋاجى نەتىجىسىدە باھاردا ياكى مول - ھوسۇل يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام ۋە ئەيشى - ئىشرەت مۇراسىملىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ خىللىرى پەيدا بولغان. شۇلاردىن بىرى ئۈزۈم ھوسۇلى يىغىپ ئېلىنىپ، مۇسەللەس سۈزۈلگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان مەي ۋە ئەيشى - ئىشرەت بايرىمىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىق، ئۈزۈمچىلىك رايونلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ بايرام مۇزىكا، ئۇسسۇل، قوشاق ۋە تۈرلۈك خەلق ئويۇنلىرى بىلەن ئىنتايىن قىزىقارلىق ئېلىپ بېرىلغان. چۈنكى، ئۈزۈمنىڭ دۇنيادىكى تۈرلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلى ماكانىنى ئېنىقلاش ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۈزۈم ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆستۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ تۈرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشقا رايونلارغا تارقالغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پەرغانە، تۇرپان قاتارلىق ئۈزۈمچىلىك رايونلىرىدا مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ۋىنوچىلىق خېلى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭغا ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق سەيياھى جاڭ چيەننىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە قالدۇرغان ساياھەت خاتىرىلىرى گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. ھەقىقەتەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ ئۈزۈمچىلىك جەھەتتىكى بۇ ئەۋزەل شارائىتىدىن قارىغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردىلا بۇ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۆزىگە خاس مەي ۋە ئەيشى - ئىشرەت دىنىي مۇ-

راسىملىرىنىڭ مەۋجۇدلۇقىدىن گۇمان بولمىسا كېرەك. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بۇ بايرىمىدا تەبىئەت هادىسىلىرى ھەققىدىكى ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەر ئىپادىلەنگەن. بۇ بايرام كېيىنچە خاراكتېر جەھەتتىن يۇنانلارنىڭ «دىئونىس مۇراسىمى» نىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنلىكى مەلۇم. يۇنان ئەپسانىلىرىغا ئاساسلانغاندا، دىئونىس يۇنانلارنىڭ باياشاتلىق ۋە ئەيشى - ئىشرەت خۇداسى ھېسابلانغان. شۇڭا ئۇنىڭ شەرىپىگە ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي دەۋرلەردىن باشلاپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈش ئادىتى شەكىللەنگەن. يۇنانلارنىڭ دىئونىس مۇراسىملىرى غايەت ۋەھشىيانە تۈستە ئۆتكۈزۈلگەن. بارا - بارا بۇ مۇراسىم يىلىغا ئىككى قېتىم، يەنى باش باھار ۋە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. دىئونىس مۇراسىمى مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسكەندەر ئىستېلاسى بىلەن كىرىپ كەلگەن بولۇپ، يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەي ۋە ئەيشى - ئىشرەت بايرىمى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭغا تىرمىزدىن تېپىلغان ئىدىشتىكى سۈرەتلەر بىلەن بۇخارادىن تېپىلغان ۋە هازىر بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان كۈمۈش ئىدىشتىكى سۈرەتلەر دەلىل بولالايدۇ. سەنئەتشۇناسلار بۇ ئىدىشنىڭ ياسالغان دەۋرى مىلادى I ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسەتمەكتە. دىئونىس مۇراسىملىرى تەسۋىرلەنگەن سەھنىلەر بەدەخشاندىن تېپىلغان كۈمۈش ئىدىشتا ۋە نىسسار (تۈركمەنىستاننىڭ جەنۇبىدا) دىن تېپىلغان سۆڭەكتىن ياسالغان قەدەھتە ھەم ئىپادىلەنگەن (بۇنىڭ دەۋرى مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ قارالماقتا). بۇ سەنئەت يادىكارلىقلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تىپىگە تەئەللۇق بولۇپ، شەرق ئېلىنىزمىنىڭ مۇراسىم شەكلىدىكى ئىنكاسىدۇر.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ بۇنداق خىلمۇ - خىل بايرام - مۇراسىملارنىڭ بولغانلىقىنى، بولۇپمۇ مېۋە ھوسۇلى يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن تەبىئەتكە سېغىنىش ئېتىقادى ئاساسىدا ئىنتايىن زوقلىنارلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام - مۇراسىملارغا ئائىت قوشاقلارنىڭ بىر قىسمىنى بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقىرىمۇ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرگەن:

يىگىتلېرىگ ئىشلەتۈ
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ
قۇلان كەيىك ئاۋلاتۇ
بەزرەم قىلىپ ئاۋنالىم
(I توم، 348 - بەت)

كۈگلەر قامۇغ تۈزۈلدى
ئېۋرىق، ئىدىش تىزىلدى
سەنىسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم
(III توم، 181 - بەت)

بۇ ئىككى كۇپلېت قوشاق يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەي ۋە ئەيشى - ئىشرەت بايراملىرى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ.

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا تېررىتورىيىسىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا باشاقلىق ئېكىنلەرنى يىغىپ ئالغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەھەللىۋى مۇراسىملاردىن بىرى «مېلىش بايرىمى» (مەيلىس بايرىمى، مايسا مەشرىپى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھوسۇل يىغىپ ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل ئاممىۋى مەشرەپ بولۇپ، قويۇق سەنئەت خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە، يەرلىك خەلقلەرنىڭ «مېلىش مەشرىپى» پائالىيەتلىرىگە ئىسكەندەر ئىنتايىن قىزىققانلىقى ۋە بۇ مەشرەپتە ئوينالغان ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىگە زوقلانغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇ قەدىمكى بايرامنىڭ نەمۇنىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم، ھازىرغىچە قۇمۇلدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «مېلىش مەشرىپى» بۇنىڭ ئىسپاتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا سىنىپىي جەمئىيەت شەكىللىنىشى بىلەن تەڭ، يەنە ئۇنىڭغا ماس ھالدا باياشاتلىق ۋە خۇشاللىق تەنتەنە قىلىنىدىغان ھەر خىل بايرام - مۇراسىملاردىن تاشقىرى، ئەۋلاد - ئەجدادلار روھىغا تايىنىش دىنىي مەزمۇنىدىكى مۇراسىملارمۇ پەيدا بولغان. ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھىنى تىرىلدۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان بۇنداق مۇراسىملار «ماتەم مۇراسىمى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇ مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئېيتىش ھەم پانتومىم (ئۆلگەن كىشىنىڭ قىياپىتىنى جانلاندۇرۇش) ئويۇنلىرى ئارقىلىق ھەيۋەتلىك تۈستە ئېلىپ بېرىلغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىسكەندەر دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىك خەلقلىرىنىڭ ماتەم مۇراسىمى پائالىيىتى يۇنانلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئادىتىگە سىڭىپ كىرگەنلىكى ھەمدە ئىسكەندەر ئۆلگەندە گرېكلار ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ «ماتەم مۇراسىمى» شەكلى بىلەن ئۇزاتقانلىقى مەلۇم. مەھەللىۋى ماتەم مۇراسىم پائالىيەتلىرى ئاستا - ئاستا تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، كېيىنچە خان ئوردىلىرىدا ماتەم قوشاقلىرىغا ماھىر ھازىچى سەنئەتكارلارنى مەخسۇس تەربىيىلەپ ساقلايدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. روسىيىلىك شەرقشۇناس تولستوۋ، خارەزمدىن تېپىلغان ساپال ھەيكەللەردە ئەفراسىياپ ۋە سياۋۇش ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان ماتەم مۇراسىملىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقانلىقىنى يازغان. سەمەرقەنت ئىبادەتخانىلىرى دىۋارلىرىدا ھەم سياۋۇشنىڭ ماتەم مۇراسىمىدا قوشاق ئېيتىۋاتقان ۋە يىغلاۋاتقانلارنىڭ سۈرەتلىرى تەسۋىرلەنگەن.①

قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئېلىنىزم مەدەنىيىتى دەۋرىدە مەھەللىۋى تىياتىرلارنىڭ ناھايىتى تەرەققىي تاپقانلىقى مەلۇم. بولۇپمۇ تەبىئەتكە سېغىنىش ۋە تۆتېمىزم دىنىي قاراشلىرى نېگىزىدە پەيدا بولغان ھايۋانلار قىياپىتىدىكى نىقابلىق مەسخىرە تىياتىرلىرى كەڭ يېيىلغان. بۇنداق گىرىملىك تىياتىر شەكلى كېيىنچە «مەسخىرىباز تىياتىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. ھازىرقى «مەسخىرە» سۆزى ئەرەبچىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كۈلكە، مازاق مەنىسىدە، «باز» سۆزى تاجىكچە بولۇپ، ئىجراچى، ئوينىغۇچى مەنىسىدە. لېكىن «مەسخىرە تىياتىرى» ئەرەب ئىستېلاسىدىن

① تولستوۋ: «خارەزم مەدەنىيىتىنى ئىزلەپ». موسكۋا، 1948 - يىل، 201 - بەت.

ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغان. قەدىمكى يازما مەنبەلەردە مىلادىدىن بۇرۇن
VI ئەسىرلەردە خەلقنىڭ مۇشۇ خىلدىكى تىياتىرلاشقان ئويۇنلىرىنى لاتىنچە «ماسكا»
(Mascha ،Masca) دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەسلىدە يۇنانلارنىڭ تەرەققىي
تاپقان قەدىمكى تىياتىرلىرى ئىچىدە «ماسكاراس» (Mascaras) دەپ ئاتالغان بىر
خىل تىياتىر شەكلى بولغان. ئىسكەندەر ئىستىلاسى دەۋرىدە يۇنانلارنىڭ ماسكاراس
تىياتىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ مەھەللىۋى ئويۇنلىرى بىلەن ئارد-
لىشىپ كەتكەن. شۇ مەزگىللەردە يەرلىك خەلقلەرمۇ بۇ تىياتىرنىڭ نامىنى ماسكاراس
ئويۇنى دەپ ئاتىغان. ئەرەبلەر II، III ئەسىرلەردە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يەرلىرد-
نى ئىشىپ ئالغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ تەرەققىي تاپقان ماسكاراس تىياتىرلىرى
بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇ سۆزنى ئۇلاردىن قوبۇل قىلىپ، «مەسخىرىباز» (مەسخىرىۋاز)
تىياتىرى دەپ ئاتىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدىكى «مەسخىرىۋازلىق» تىياتىر ئاتال-
غۇسى ئومۇمەن ئىلمخانلار دەۋرى بىلەن ئالاقىدار. ئۇندىن ئىلگىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىق-
لار ماسكاراس تىياتىرى دەپ ئاتىغان. قەدىمكى ئەفراسىياپ شەھىرى، نىسا، پەرغانە
ۋە خوتەن رايونلىرىدىن تېپىلغان مىلادى I ۋە III ئەسىرلەرگە ئائىت ئارخېئولوگىيە-
لىك قېزىلمىلاردا ئەكس ئەتكەن ماسكاراس تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى يۇقىرىقى پىكىرىمىزگە
ئىسپات بولالايدۇ.①

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئېلىنىزىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى تېپىك
هالدا «قەندەھار مەدەنىيىتى» دىن، جۇملىدىن شىنجاڭ مىڭ ئۆيلىرى ۋە دۇنخۇاڭ مىڭ
ئۆيى هەيكەل-سۈرەتلىرىدىن هەم ئېنىق بايقاشقا بولىدۇ. بۇ هەقتە مۇندىن ئىلگىرى
خېلى كۆپ ئالىملارنىڭ مەخسۇس تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغاچقا، بىز قايتا
تەكرارلىمايمىز.

شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۇنان ئېلىنىزمىنىڭ شەرق ئورىيېنتىسىغا قوشۇ-
لۇشى، ئىجتىمائىي هايات ۋە مەدەنىيەتنىڭ هەممە ساھەلىرىدە يۈكسىلىش ۋەزىيىتى
پەيدا قىلغىنىدەك، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىياتىر، مۇزىكا ۋە رەسساملىق سەنئىتى قاتار-
لىقلارنىڭ يېڭى تەرەققىيات پەللىسىگە كۆتۈرۈلۈشىدە هەم مۇهىم رول ئوينىدى. ئىس-
كەندەر دەۋرىدىن باشلانغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇنداق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش
بىر ئەنئەنە سۈپىتىدە ناهايىتى ئۇزاق دەۋرلەر داۋاملاشتى. ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
ئىسلام مەدەنىيىتىدىمۇ بۇ تەسىر ئۆزىنىڭ هاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالالىدى. ئوتتۇرا ئا-
سىيانىڭ دۇنياغا مەشهۇر مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە پەيلەسوپلىرىدىن ئەل فارابى، ئەبۇ
ئەلى ئىبنىسىنا، بىرۇنىي، تابارى، خارەزمى قاتارلىق مەشهۇر نامايەندىلەرنىڭ ئۆز زا-
مانىسىدا يۇنان تىلىغا ماھىرلىقى ۋە يۇنان پەلسەپىسىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىگە ئىجا-
دىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلىرىگە خاس پەلسەپە سىستېمىسىنى ياراتقانلىقى بارلىق ئىلىم

① م. راهمانوۋ: «ئۆزبېك تىياتىرى» 1975 - يىل، تاشكەنت، 91 - 99 - بەتلەرگە قاراڭ.

ئەھلىلىرىگە ئايان. بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا دىققەتكە سازاۋەر مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى.

لېكىن شەرق ئېلىنىزم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىيەتلىككە ئىگە قەدىمكى يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن قارىمۇ قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەنە شۇ پارلاق مەھەللىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. شۇنىسى مۇقەررەركى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇنداق ئۆزئارا تەسىردىن مۇستەسنا بولغان ساپ ھالدىكى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەركىبى بولىدۇ، بۇ بىر خەلقئارالىق تارىخىي ھادىسە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاش كۆپ خىل دىن ۋە كۆپ خىل تىل - يېزىق دەۋر سۈرگەن رايونلاردا مۇرەككەپ مەدەنىيەت ئارىلاشمىلىقى تېخىمۇ قويۇق بولىدۇ. بۇ يالغۇز بىر رايوننىڭ يەنە بىر رايونغا، بىر مىللەتنىڭ يەنە بىر مىللەتكە بولغان تەسىرىلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بۇنىڭغا، بۇنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمىلىك (قوش لىنىيىلىك) تەسىر ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى خەلقلەر مەدەنىيىتىدىكى بۇنداق نورمال تەسىر ھادىسىسىنى سېلىشتۇرما مەدەنىيەت نۇقتىسىدا ئۆگىنىش ئىنسانىيەتنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە بۈگۈنكى خەلقئارا مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ئىنتېرناتسىئونالىلىق روھىنى ۋە بۇرچىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشتە پايدىلىق رول ئوينايدۇ.

«بىز تارىختا ئىنسان بىلەن بىرگە كىرىمىز.»① ئەنە شۇ تارىخنىڭ خوجايىنى بولغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك باي ۋە بىباھا مەدەنىي مىراسى — نەچچە مىڭ يىللىق تەپەككۇر، ئىجادىيەت ۋە زەكاۋەتنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ جانلىق تارىخى، ئارزۇ - ئۈمىدلىرى، كۈرىشى، قايغۇسى ۋە خۇشاللىقى ئەكس ئەتكەن.

شەرق ئېلىنىزم مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ يېڭىلىققا ئىنتىلىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان بۈيۈك تارىخىي تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» XIV توم، ئۆزبېكچە نەشرى 487 - بەت.

# فارابى پەلسەپە ئىدىيىسى تەتقىقاتىدىكى مەنتىقىلىق زىددىيەت

## - يولداش سەي دېگۈينىڭ «ئەرەب پەيلاسوپى فارابى» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن

«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى خەنزۇچە نۇسخىسىنىڭ 1987 - يىل 3 - سانىغا يولداش سەي دېگۈينىڭ «ئەرەب پەيلاسوپى فارابى» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا فارابى ئەرەب نەسەبىگە مەنسۇپ دەپ مۇتلەق ھۆكۈم قىلىنغان، فارابىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ۋە لوگىكا تەلىماتى ھەققىدە ھەم ناتوغرا ھەم بىر - بىرىگە زىت ئىبارىلەر تىزىپ قويۇلغان، فارابى تەتقىقاتى مەسىلىسىدە بىر قاتار ناتوغرا ئىستىل ئىپادىلەنگەن.

ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئەتتۈركى ئەلفارابى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىدىن كېلىپ چىققان ① ئۇلۇغ تارىخىي شەخس؛ ئۇ ئەينى زامان «ئەرەب مەدەنىيىتى تىپى»دە تونۇلغان ئەڭ يىرىك پەيلاسوپ ۋە ئالىم؛ ئۇنىڭ پەن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۆھپىلىرى «ئەرەب مەدەنىيىتى» تىپىدىن ھالقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدا ناتۇرال پانتېئىزملىق بىلىش شەكلىنىڭ ھۇلىنى قۇرۇپ، سىستېمىسىنى تىكلىگەن. بۇ ئۈچ قاتلاملىق ئۇقۇم بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلىدىكەن ۋە بىرىنىڭ ئورنىغا بىرى دەسسىتىلىدىكەن تارىخىي جەھەتتە خاتالىق، مەنتىقە جەھەتتە تېتىقسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ.

يولداش سەي دېگۈينىڭ ماقالىسىدا فارابىنىڭ ئەرەبلىكى «غالىبانە» ھەل قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پەلسەپە، لوگىكا، ئەخلاق، سىياسىي قاراشلىرىنى يورۇتۇشقا تۇتۇش قىلىنىپ، تېخىمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىنغان. بۇ جەھەتتە فارابىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ۋە فارابىشۇناسلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈش يېتەرلىك. مەن

① فارابى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قارلۇق قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار توققۇز ئوغۇزلار تەركىبىدە بولغان. قارلۇقلار ئەسلىدە تەڭرى تاغ ئەتراپىدا ياشايتى ۋە كېيىنچە سىر دەريانىڭ يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا ئېقىمى، قەشقەر - يەركەن ئەتراپلىرىدا ياشىغان. ھازىر ساپ قارلۇق قەبىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە چاغاتاي دەۋرىدىن كېيىنكى ئۆزبېك، قازاق مىللەتلىرى تەركىبىگە كىرىپ كەتكەن.

تۆۋەندە ئاپتورنىڭ خاتا ھۆكۈملىرى ۋە بىر-بىرىگە زىت مۇھاكىمىلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەن چەكلىنىمەن.

يولداش سەي دېگۈي ماقالىسىدىكى بىرىنچى خاتا ھۆكۈم: «پەلسەپە بىردىنبىر-دۇر» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇ، فارابى «پەلسەپەنى بىردىنبىردۇر دەپ قارايدۇ» دەيدۇ. بۇ نېمە دېگەن سۆز؟ پەلسەپە تارىخىدا قايسى بىر پەيلاسوپ مۇتلەق مەنىدە «پەلسەپە بىردىنبىردۇر» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان؟ قولىمىزدىكى فارابى ئەسەرلىرى ۋە فارابى تەتقىقاتىغا ئائىت نەچچە يۈز پارچە تەتقىقات ئەسەرلىرىدە ئەجەبا مۇنداق ئىبارە يوققۇ! ھەتتا يولداش سەي دېگۈي دەستەك قىلىۋالغان گوللاندىيە گرونىنگىن داشۆسى-نىڭ پروفېسسورى ت. ج. بوئېرنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىدىمۇ مۇنداق ئىبارە يوق. بۇ، يولداش سەي دېگۈي ماقالىسىنىڭ ئۆز مەنتىقىسىگە يارىشا بىر كەشپىياتىمۇ؟

فارابى «ۋەھدەت ۋۇجۇد» (ئالەمنىڭ بىردەكلىكى) ھەققىدە توختالغان. خۇددى ف. ئېنگېلس «فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ناملىق ئەسىرىدە ئېيتقاندەك فارابىمۇ «روھ بىلەن ماددىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى پانتېئىزملىق تەرىزدە كېلىشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئۆزىنى بارغانسېرى ماتېرىيالىزملىق مەزمۇن بىلەن تولدۇرغان» ناتۇ-رال پانتېئىزمنىڭ كۆرۈنگەن ۋەكىلى ئىدى، خالاس.

يولداش سەي دېگۈينىڭ ماقالىسىدىكى ئىككىنچى خاتا ھۆكۈم: فارابى «مۇكەممەل ئەرەب پەلسەپە سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان» دېگەندىن ئىبارەت. «ئەرەب پەلسەپىسى» خۇددى «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن ئۇقۇمغا ئوخشاش ئەرەب ئىمپېرىيىسى تۇپەيلى مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر قېتىملىق ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت سىنكرېتىزم (ئارىلاشمىچىلىقى) ھادىسىسىنىڭ سەمىرىسىگە قارىتىلغان بولۇپ، نوقۇل ئەرەب مىللىتىگە قارىتىلغان ئەمەس. بۇ نۇقتىنى ھەتتا ت. ج. بوئېرمۇ ئۆز كىتابىدا ئېتىبارغا ئېلىپ: «ئەل كىندىنى ئەرەب قان سىستېمىسىدىكى ئەرەب پەيلاسوپى دېگەن نامغا ئىگە» ①، «ئۇنى غەيرى ئەرەب پەيلاسوپلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەرەب پەيلاسوپى دەيمىز. فارابى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي پەيلاسوپى» ② دەپ يازغان. بوئېر ئۆز كىتابىدا ئىبنى سىنا ئاخمانىيار، ئىبنى مەيمۇندى قاتارلىق غەيرى ئەرەب پەيلاسوپلىرى توغرىلىق ئىسلام پەيلاسوپلىرى قاتارىدا مەخسۇس توختالغان، بۇ پەقەت «ئىسلام»، «ئەرەب» مەدەنىيەت دەۋرى ۋە ئۇنىڭ تىپىگە قارىتىلغان خاس مەنىدە توغرا.

ئەمما يولداش سەي دېگۈي ماقالىسىدا «ئەرەب پەلسەپىسى» ئەرەب مىللىتىنىڭ پەلسەپىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغاندىن تاشقىرى، فارابى «مۇكەممەل ئەرەب پەلسەپە سىستېمىسى» نى بەرپا قىلغان قىلىپ قويۇلغان. شۇ زاماندا ئەرەب مىللىتىدە ھەممىنى بىرلەشتۈرگەن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل پەلسەپە سىستېمىا بولغانمۇ؟ ئۇ قايسى؟ «قۇرئان»

① ت. ج. بوئېر: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» خەنزۇچە نەشرى، 119 - بەت.
② شۇ كىتاب، 119- ۋە 151 - بەتلەر.

ياكى كالامىزىممۇ؟ مۇتەززىلىزىممۇ؟ سوفىزىممۇ؟ تەبىئەت پەلسەپىسى ئېقىمىمۇ؟ فارابىزىممۇ؟ زادى نېمە؟ ئەگەر پەقەت بىرلا فارابى پەلسەپە سىستېمىسى دېيىلسە، قالغان پەلسەپىۋى ئېقىملارنى غەيرى ئەرەب ھادىسىسى دېيىش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن كالامىزىم بىلەن مۇتەززىلىزىم مۇنازىرە قىلىشتى؟ نېمە ئۈچۈن مەنسۇر ھەللاجى دارغا ئېسىلدى؟ نېمە ئۈچۈن مۇھەممەت غەززالى ئەينى زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇتەكەللىمىن (كالامىزىمچىلار)، ئارىستوتېلچى پەيلاسوپلار، سوفىزىمچىلار، تەبىئەتشۇناس پەيلاسوپلارنى تەھلىل قىلىپ، ئارىستوتېلچى پەيلاسوپلاردىن فارابى ۋە ئىبنى سىنانى ئىسلام دىنىنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرى (بۇ ئېر كىتابىنىڭ 198 - بېتىگە قاراڭ) دەپ، ئۇلارغا قارشى بىرلىشىپ كۆرەش قىلىشنى خىتاب قىلدى؟ ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن فارابى سەپەر ئۈستىدە ئۆلتۈرۈلدى؟ نېمە ئۈچۈن ئىبنى رۇشد مۇھەممەت غەززالىغا قارشى ئەسەرلەر يازدى؟

روشەنكى، بىر پۈتۈن «مۇكەممەل ئەرەب پەلسەپىسى سىستېمىسى» دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. ئىدېئولوگىيە ساھەسى، مەيلى دىنىي ئىدېئولوگىيە ياكى پەلسەپىۋى ئىدېئولوگىيە ساھەسى بولسۇن، ئەزەلدىن ئوخشىمىغان مەزھەپ، ئىدىيىۋى سىستېمىلارنىڭ مۇنازىرە مەيدانى بولۇپ كەلگەن، شۇ مەيداندا بىر سەپنى تۈزەلمىسە سىستېما بولالمايدۇ. فارابى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنى ياراتتى، بۇ سىستېما گەرچە ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب مەدەنىيىتى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ نوقۇل ئەرەب پەلسەپىسى ھادىسىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يولداش سەي دېگۈي ماقالىسىدىكى ئۈچىنچى خاتا ھۆكۈم: «فارابىدا ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق كىرگۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەرەب پەلسەپىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە روشەن ئىنكاس قىلىنغان» دېگەندىن ئىبارەت.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، بىرىنچىدىن، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق كىرگۈزۈش پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى بىر قانۇنىيەت. ئۇ، نوقۇل ئەرەب پەلسەپىسىگە خاس خۇسۇسىيەت ئەمەس: بۈگۈن بىز مۇنداق بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىمىز، بۇ «ئەرەب پەلسەپىسى» نىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەشەببۇس قىلغانلىق ياكى ئەرەب بولۇشنى تەشەببۇس قىلغانلىقمۇ؟ ئەجەبا مەئمۇن خەلىپە گرېك ۋە شەرقتىن ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلىپ ئىلغار يۆنىلىشكە ئىلھام بەرسە، مۇقتەدىر خەلىپە ئۇنىڭ ئەكسىچە كونا ئەنئەنىنى ساقلاپ، يېڭىلىققا قارشى كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندىغۇ؟

ئىككىنچىدىن، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق كىرگۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈش - بىرلەشتۈرمەسلىك بىر پەيلاسوپنىڭ ئەرەب ياكى ئەرەب ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئۆلچەم ئەمەس. يولداش سەي دېگۈينىڭ ماقالىسى قانداقتۇ «ئالاھىدە روشەن ئىنكاس» ئارقىلىق فارابىنى تىپىك ئەرەب دېيىشكە ئۇرۇنۇپ، ئاۋارە بولغان.

يولداش سەي دېگۈينىڭ ماقالىسىدا يۇقىرىقى ئۈچ خاتا ھۆكۈمدىن باشقا يەنە نەزەرىيە جەھەتتىكى خاتا بايانلارمۇ خېلى كۆپ. ئۇ تولاراق پەلسەپە ۋە دىن، بىلىش

نەزەرىيىسى ۋە لوگىكا، ئارىستوتېل ۋە پلاتون، سوفىزىم ۋە خۇشاللىق ئىزدەش قاتارلىق تۆت جەھەتتە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن.

يولداش سەي دېگۇي ماقالىسىدا «پەلسەپە ۋە دىن تۇغرىسىدا» توختىلىپ بىر-بىرىگە زىت مۇنداق پىكىرلەر تىزىپ قويۇلغان: «پەلسەپە بىردىنبىردۇر»، «ئۇ پەلسەپىنى دىندىن يۇقىرى دەپ قارىغان»، «ئۇنىڭچە پەلسەپە بىلەن دىننىڭ پەرقى پەقەت شۇ يەردىكى، بىرسى، شەخسنىڭ خىيالى ئارقىلىق بىۋاستە ئاللانىڭ بىشارىتىگە ئېرىشىدۇ، يەنە بىرسى، ئۆزىنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئاللانىڭ مەۋجۇتلىقى، ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىدۇ».

بۇ يەردە يولداش سەي دېگۇي بىرقانچە قاتلام زىددىيەتكە چۆكۈپ قالغان. بىرىنچىدىن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنى، پەلسەپە بىلەن دىننى بىرلەشتۈرگەن بىر-دىنبىر بولغان پەلسەپە قانداق قىلىپ دىن بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ قالدى؟ ياكى بۇ «بىردىنبىر» نىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىمۇ؟ يولداش سەي دېگۇي بوئېرنىڭ «فارابى مۇتلەق قىممەتتە دىننى ساپ ئەقلىي تەپەككۇردىن تۆۋەن دەپ قارىغان» (يۇقىرىدىكى ئەسەر، 149 - بەت) دېگەن سۆزىنى ئويلاشماي نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ «پەلسەپە بىردىنبىردۇر» دېگەن كەشپىياتىغا قارشى چىقىپ قالغان.

ئىككىنچىدىن، دىن شەخسنىڭ خىيالى ئارقىلىق ئاللانى بىلسە، پەلسەپە ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق (شەخس كىم، ئۆزى كىم؟) ئاللانىڭ مەۋجۇتلىقىنى بىلىدۇ، دەپ ھەر ئىككىسىنى ئاللانى بىلىش قورالى قىلىپ، ئارقىدىنلا پەيلاسوپنى ئاللاغا ئوخشىتىپ ئاللانى بىلگۈچى بىلەن ئاللانى تەڭلەشتۈرۈپ، مۇنداق بىلىشنىڭ ھاجىتى ۋە قىممىتىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇ يەنە ئاللانىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئالەمنىڭ قانۇنلىرىدىن ئىبارەت بىر-بىرىگە زىت ئىككى تېزىسنى ئوخشاش بىلىش ئوبيېكتى قىلىپ تىلغا ئالغان.

ماقالىمىز يولداش سەي دېگۇينىڭ ماقالىسىدىكى زىددىيەتلەرنى خالىسانە كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن چەكلەنگەچكە، بۇ ھەقتە تەپسىلىي مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنى ھاجەتسىز دەپ قارايمىز. چۈنكى فارابى ئۆزىنىڭ «پەلسەپە ئاتالمىسىنىڭ مەنىسى ھەققىدە»، «پەلسەپىگىچە نېمىلەرنى ئۆگىنىش لازىملىقى ھەققىدە»، «پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە پەلسەپىنىڭ ئوبيېكتى تۇغرىسىدا يېتەرلىك توختالغان.

يولداش سەي دېگۇي ماقالىسىدا بىلىش نەزەرىيىسى ۋە لوگىكا تۇغرىسىدىمۇ تۆۋەندىكىدەك زىت ئىبارىلەر تىزىپ قويۇلغان: «بىزنىڭ سەزگۈمىز پەقەت ماددىي نەرسىلەرنى بىلىدۇ، ئاللا بولسا ماددىي ئەمەس»، دىن «شەخسنىڭ خىيالى ئارقىلىق بىۋاستە ئاللانىڭ بىشارىتىگە ئېرىشىدۇ»، «بىلىش ئىقتىدارى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى پەقەت ئىنساندىلا بولىدىغان ئىقتىدار»، «ئىنسان ئەقلى ئەگەر ئالەمنىڭ پائال ئەقلىي ئۇچقۇنلىرى بىلەن يورۇتۇلمىسا ھېچ نەرسىنى بىلەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان پائال ئەقىل بىلەن بىرلىشىشى لازىم». بۇ بىرىنچى تۈركۈم زىت ئىبارىلەر بولۇپ، بۇنىڭ-

دا بىر تەرەپتىن، شەخس ھېس-خىيال ئارقىلىق بىۋاستە ئاللانى بىلىدۇ دېيىلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئىنسان سەزگۈسى پەقەت ماددىي نەرسىلەرنى بىلىدۇ. ئاللانى بىلەلمەيدۇ دېيىلگەن.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈركۈم زىت ئىبارىلىرى مۇنداق: «...... ئۇنىڭ لوگىكا جەھەتتىكى مۇھىم تۆھپىسى ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ ئىلمىي نوپۇزىنى قايتا تىكلىدى»، «ئۇ، ئىسپات ھەققىدىكى تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويىدى، سىللوگىزىمنى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى ئىسپاتلايدىغان ئاساسىي لوگىكىلىق شەكىل دېدى»، «ئۇ ماتېماتىكىلىق لوگىكا، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە كېڭەيتىلگەن سان جەھەتتە توختالغان» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا زىت بولغان «ئۇنىڭ لوگىكىسى ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ داۋامى»، «فارابىنىڭ لوگىكىسى ئۇنىڭ ئاللانى بىلىشىنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى»، «ئۇنىڭچە لوگىكىلىق مۇھاكىمە ئاللانى بىلىشىمىزنىڭ بىردىنبىر شەكلى» دېگەن ئىبارىلەر بولغان. يولداش سەي دېگۈيىنىڭ ماقالىسىدىكى يۇقىرىقى ئۈچ ئىبارە مېنىڭ «فارابىنىڭ لوگىكا تەلىماتى» دېگەن ماقالەمدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا زىت كېيىنكى ئۈچ ئىبارىنى پۈتۈنلەي ئاپتور ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان، نەتىجىدە ئارىستوتېل لوگىكىسىمۇ ئىلاھىيەتچىلىككە ئايلىنىپ قالغان؛ لوگىكىلىق سىللوگىزىم ۋە ئىسپات قاتارلىق مۇھاكىمە شەكىللىرى ئىلاھىيەتچىلىك قورالىغا ئايلىنىپ قالغان؛ ماتېماتىكىلىق لوگىكا، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ۋە كېڭەيتىلگەن سان نەزەرىيىسىمۇ ئىلاھىيەتچىلىك بىلىش ۋاستىسى بولۇپ قالغان. نەتىجىدە فارابى بىلەن غەززالى ئالماشتۇرۇلۇپ قويۇلغان. ئاپتور ئەتىۋار بىلەن تىلغا ئېلىپ بۇرمىلىغان بوئېر كىتابىنىڭ 198-بېتىدە ئېيتىلغاندەك غەززالى تۇنجى قېتىم ئارىستوتېل ئېقىمىدىكى پەيلاسوپلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، ئارىستوتېل قوللانغان قورال- لوگىكىدىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ، تۇنجى قېتىم لوگىكا ئارقىلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. غەززالىدىن كېيىن توماس ئاكۋىنىسكىي قاتارلىق «روھانىيەتچىلەر ئارىستوتېل تەلىماتىدىكى جانلىق نەرسىلەرنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭدىكى قاتمال نەرسىلەرنى مەڭگۈلەشتۈرۈۋېتىشتى» (لېنىن «پەلسەپىدىن خاتىرە» 1956-يىل خەنزۇچە نەشرى، 333-بەت). بىز ئاپتورنىڭ «فارابى تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلدى» دېگەن سۆزىنى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ كۆرەيلىچۇ، قېنى «بۇ قانۇنلارنىڭ ئەڭ ئەلاسى بولغان زىددىيەت قانۇنى» (بوئېر كىتابى 137-بەت) نى ئاپتور قانداق چۈشىنىدۇ؟ «بۇ مۇھاكىمىلەر بىر-بىرىگە زىت بولماسلىقى لازىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەمدۇ ياكى خۇددى ئاپتور ماقالىسىدىكىدەك «مۇھاكىمىلەر بىر-بىرىگە زىت بولۇشى لازىم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەمدۇ؟

يولداش سەي دېگۈي ماقالىسىدا، ئارىستوتېل بىلەن پىلاتون توغرىسىدىمۇ ناتوغرا ۋە زىت مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلغان، ئۇ بىر تەرەپتىن فارابىنى ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى باشقا ساختا ئەسەرلەردىن ئايرىم چىققان دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن فارابىنىڭ

پىكىرىچە «پىلاتون بىلەن ئارىستوتېل بىردەك قاراشتا بولغان» دەپ يازىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە بوئېر كىتابىنىڭ 135 - بېتىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلمىغان، بۇ كىتابنىڭ 155 - بېتىدە، كۆرسىتىلگەن ئىككى مۇتەپەككۇرنىڭ پەرقى ۋە ئىختىلاپلىرىغا نەزەر سالمىغان.

شۇنداقتىمۇ ت. ج بوئېرنىڭ بۇ قاراشلىرى ئالدىقاچان رەت قىلىنغان ئىدى. تۈركىيە ئالىمى ئا. ئابنان «ئىسلام قامۇسى» ئۈچۈن فارابى ھەققىدە يازغان ماقالىسىدا: «فارابى ئۆز ئەسەرلىرىدە پىلاتون بىلەن ئارىستوتېل كۆز قاراشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگەن ئەمەس» دېسە، سوۋېت ئىتتىپاقى فارابىشۇناسى خەيرۇللايېۋ «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى» ناملىق ئەسىرىدە، فارابىدا «پىلاتون بىلەن ئارىستوتېلنىڭ قارىمۇ-قارشى قاراشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئىنتىلگەن ھېچقانداق ئالامەت سېزىلمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

يولداش سەي دېگۈي ماقالىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى زىت مۇھاكىمە «ئۇ سوپىزمچى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئۇنىڭچە «ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق پائالىيىتى خۇشاللىققا ئىنتىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەندىن ئىبارەت. قارىغاندا ماقالە ئاپتورى سوپىزم (تەسەۋۋۇپ) ۋە ئۇنىڭ تەركىدۇنياچىلىق ئەقىدىلىرىدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك.

بۇ سۆز بوئېر كىتابىنىڭ 134 - بېتىدە: فارابى دەمەشق يولىدا قازا قىلغاندا سەيپۇل دەۋلە سوپىلارنىڭ پاسونىدا كىيىنىپ، بىر قىسىم ھەمرالىرى بىلەن ئۇنى دەپنە قىلغان دېگەن رىۋايەت بار» دەپ يېزىلغان، باشقا كىتابلاردا «سەيپۇل دەۋلە رەسمىي ماتەم لىباسىنى كىيىپ ئالىمنىڭ جەسىدىنى تۆت نەپەر غەۋۋاس بىلەن گۆرگە ئېلىپ كىردى» دېيىلگەن. بۇ ھەقتە ئىبىن خەللىكان ئەبۇ ئەبى ئۇسەيبىيەدىن يېتەرلىك مەلۇمات ئالالايمىز.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خاتا ھۆكۈم، تۆت زىت مۇھاكىمىدىن باشقا ماقالىسىدا فارابى «ئارفا (ۋىنا) مۇزىكىسىنى ئىختىرا قىلغان»① «ئارىستوتېلنىڭ فىزىكىدىن ئاتلاش ناملىق كىتابىنى (بۇ «مېتافىزىكا» ناملىق كىتاب ئىدى) 40 قېتىم ئوقۇغان» دېگەن بايانلارمۇ ناتوغرا بولغان. ئۇلۇغ تاجىك ئالىمى ئىبىن سىنا قاراپ تۇرۇپلا ئەرەب قىلىپ قويۇلغان. فارابىنىڭ ئارىستوتېل ھەققىدىكى ئىككى جۈملە ھېكمەتلىك سۆزىمۇ توغرا ئىشلىتىلمىگەن.

ماقالىدا كۆپچىلىككە ئاسان بايقىلىدىغان يۇقىرىدىقى مەسىلىلەردىن باشقا، بىر قەدەر خۇپىيانە بولغان تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە كىتابخانلارغا ئىككى كەلىمە سۆز ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ مەسىلە ئەمدىلاتىن قانات يېيىۋاتقان ئىلمىي تەتقىقات ئىشىمىزغا قانداق ئىستىلدا (كەسپىي ئەخلاقتا) مۇئامىلە قىلىشتەك مۇھىم پرىنسىپال مەسىلىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

---

① «ئارفا ۋىنا» مۇزىكىسى قەدىمكى مىسىر، گرېكلاردا بار بولغان مۇزىكا ئەسۋابى بولۇپ، ئەرەب مەمبەلىرىدە ۋە «تارىخىي مۇسىقىيۇن» دا فارابى «قالۇن» چالغۇسىنى ئىختىرا قىلغان، دېيىلگەن.

ئۇنىڭ بىرى «تەتقىق قىلماي قارىسىغا سۆزلەش». قارىماققا يولداش سەيدىگۈيىنىڭ قولىدا فارابىنىڭ شۇنچە نۇرغۇن ئەسەرلىرىدىن بىرەسىمۇ يوق ئوخشايدۇ، ئۇ «ھازىر بىز كۆرەلەيدىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى» دېگەندە بىر تەرەپتىن قولىدا فارابى ئەسەرلىرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قولىدا فارابى تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ھازىرقى زامان خاس ئەسەرلىرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. يولداش سەيدىگۈيىنىڭ ماقالىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ قولىدا بار ئاساسلىق ماتېرىيال بوئېرنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ «فارابىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي بىلمەيمىز» (133-بەت) دەپ باشلانغان 1920-يىلىدىكى كىتابى، «سىخەي» (قامۇس) نىڭ بىرقانچە ئابزاسلىق كىچىك تېكىستى ۋە دىنىنىڭ تراخېنبېرگ قاتارلىق سوۋېت ئالىملىرى يازغان «پەلسەپە تارىخى» نىڭ فارابىغا ئائىت ئابزاسلىرىلا بولسا كېرەك.

يەنە بىرى، «ماتېرىيالنى بۇرمىلاپ ئىشلىتىش». بۇنىڭغا، ئۇنىڭ «پەلسەپە تارىخى» (خەنزۇچە 1961-يىل نەشرى) نى بۇرمىلىغانلىقىنى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇ كىتابتا ئەل كىندى، ئىبىن بەجە، ئىبىن توفەيل، ئىبىن روشدىنى ئەرەب پەيلاسوپلىرى قاتارىغا، سۇلايمان كابىلور، ئىبىن مەيمۇندى قاتارلىقلارنى يەھۇدى مۇتەپەككۇرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. خارەزمى، فارابى، ئىبىن سىنا، بىرونى، ئۇلۇغبېك، ناۋايى، مەختۇم قۇلى قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا پەيلاسوپلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتابنىڭ 258-بېتىدە «X ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا پەن ۋە پەلسەپە ئىدىيە تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن ئەبۇ نەسىر فارابى (870-950) سىر دەريا ياقىسىدىكى فارابىدا تۇغۇلغان» دەپ يېزىلغان. مۇنداق نوپۇزلۇق بىر كىتابنى بۇرمىلاپ «ئۇنىڭدا فارابى ئەرەب مۇتەپەككۇرى دېيىلگەن» دېيىشكە جۈرئەت قىلغان!

ئۈچىنچىسى، «كىشىدىن كۆچۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى قويۇش». يولداش سەيدىگۈيىنىڭ ماقالىسىدىكى بىر قاتار توغرا ئىبارىلەر مېنىڭ ماقالەمدىن تېرىۋېلىنغان. بۇنىڭغا «فارابىچە، ئىنسان - تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى»، «بىلىش ئىقتىدارى، پەرق ئېتىش ئىقتىدارى - ئىنسانغا خاس ئىقتىدار»، «ئۇ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىردەكلىكىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى»، «ئىنسانىيەت يالغۇز جىسمانىي تۈزۈلۈش جەھەتتىلا تەبىئەتنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۇچراپ قالماستىن، تەبىئەتنى تونۇش جەريانىدىمۇ تەبىئەت قانۇنلىرىغا ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك»، «ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ ئىلمىي نوپۇسىنى قايتا تىكلىدى»، «لوگىكىنى ئارىستوتېل مېتافىزىكىسىدىن ئايرىپ مۇستەقىل پەن قىلدى»، «تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ، گراماتىكا بىلەن لوگىكىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى»، «ئۇ، ئىسپاتلاش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى»، «سىللوگىزمنى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى ئىسپاتلاشتىكى ئاساسىي لوگىكىلىق شەكىل دەپ قارىدى»، «ماتېماتىكىلىق لوگىكا، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا بىر قانچە مەسىلە

جۇ ياڭگۇي، گاۋ شىنشېڭ، لى شۇاڭ

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردىكى خەلقلەر گومىنداڭنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەبىتلىكى، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى غالجىرانە بۇلاڭ-تالاڭچىلىقى ۋە ھەربىي جەھەتتىكى زور مەغلۇبىيىتىگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئارقا-ئارقىدىن قوزغىلىپ كۈرەش ئېلىپ باردى. شۇڭا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا خەلقنىڭ كەڭ-كۆلەملىك دېموكراتىك ھەرىكەتلىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ كۈرەشلەر داۋامىدا، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى پارتلىدى. بۇ، شىنجاڭدىكى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قوراللىق قارشى تۇرۇشتىكى ئىنقىلابىي كۈرىشىدۇر. بۇ ئىنقىلابىي كۈرەش 1944-يىلى ئاۋغۇستتا پارتلاپ، 1949-يىلى سېنتەبىرگىچە داۋاملاشتى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، گومىنداڭغا قارشى كۈرىشىگە ئىلھام بەردى ۋە ئۇنى قوللىدى، بولۇپمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، بو-

ۋە كېڭەيتىلگەن سان جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى تىلغا ئالدى»، دېگەندەك ئىبارىلەرنى مىسال قىلىش كۇپايە①. مۇندىن باشقا، يولداش سەي دېگۈينىڭ ماقالىسىدا بۇئېرنىڭ كىتابىنىڭ 132-، 135-، (ئىككى ئورۇندا)، 136- (ئۈچ ئورۇندا)، 139-، 140-، 149-، 156-بەتلىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان ئىبارىلەر خېلى كۆپ.

«تەتقىق قىلماي قارىسىغا سۆزلەش»، «ماتېرىيالنى بۇرمىلاپ ئىشلىتىش»، «كىشىدىن كۆچۈرۈۋېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى قويۇش» ئىلمىي تەتقىقاتتا بولۇشقا تېگىشلىك ئىلمىي ئۇسۇل ئەمەس.

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن خەنزۇچە 1982-يىلى 4-سان 80-85-بەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلۈڭ.

لوپنۇر غەربىي شىمالىنىڭ ئازادلىق ئورۇشىغا ماسلىشىپ، شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى پارتلىغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ئىنتايىن دىققەت قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋزېدۇڭ قاتارلىقلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا يۇقىرى باھا بەردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى - «ئازادلىق گېزىتى»، چۇڭچىڭدا چىقىدىغان «شىنخۇا گېزىتى»، سەنشى - چاخار - خېبېي ئازاد رايونىدا چىقىدىغان «خەلق گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەر ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئەينەن تونۇشتۇردى ھەمدە مۇھىم ئوبزورلارنى ئېلان قىلدى. بۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن زور يېتەكچى رولغا ئىگە. بىزنىڭ بۇ ماقالىمىز ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىغاندىن بۇيان، پارتىيە رەھبەرلىرى ۋە پارتىيە گېزىتلىرى ئېلان قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ يۈز بېرىش جەريانىدىكى بىر قاتار زور مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئوبزور ۋە خەۋەرلەرنى مەركەزلىك ھالدا تەتقىق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بەزى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1

1944-يىلى، ئاۋغۇستتىن نويابىرغىچە، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، تاتار قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى نىلقا ۋە ئىلى شەھىرىدە گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، نىلقا ۋە ئىلى شەھىرىنى ئازاد قىلدى ھەمدە ئىلى شەھىرىدە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە قۇرۇلغانلىقىنى جاكالاپ، ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۈزلۈكسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. 1945-يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پۈتۈن ئىلى رايونىنى ئازاد قىلدى. 1945-يىلى مايدىن باشلاپ، مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى داغدۇغىلىق ھەربىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇردى. شىمالىي يول مىللىي ئارمىيىسى 6-ئايدىن باشلاپ، 51 كۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن چۆچەك رايونىنى ئازاد قىلدى. ئالتايدىكى پارتىزانلار ئەترىتى مىللىي ئارمىيىگە ماسلىشىپ، 1945-يىلى سېنتەبىردە ئالتاي ۋە قابادىكى گومىنداڭنىڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنى تارمار قىلىپ، ئالتاينى ئازاد قىلدى، نەتىجىدە ئالتاي، ئىلى، چۆچەكتىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تۇتاشتۇرۇلۇپ، خەلق ئازاد رايونىغا ئايلاندى. ئوتتۇرا يولدىكى مىللىي ئارمىيە 1945-يىلى سېنتەبىردە، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغىچە ئىلگىرىلەپ كېلىپ شىنجاڭنىڭ مەركىزىي دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قالدى. بۇنىڭدىن سىرت، جەنۇبىي شىنجاڭ

رايوندىكى قورالىق كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى غەلىبىگە ئېرىشتى. 1945 - يىلى قىشتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، ئىنقىلابىي كۈرەش يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئوتتەك قىزىۋات-قان ئىنقىلابىي كۈرىشىنى كۈچىنىڭ بېرىچە قامال قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ، ئۇنىڭغا «توپىلاڭ» دەپ تۆھمەت قىلىپ، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئالدى-ماقچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى نېمە ئۈچۈن پارتلىدى؟ بۇ قېتىمقى ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا توغرا تەھلىل قىلىپ، بۇنىڭغا بولغان خاتا چۈشەن-چىلەرنى تۈزىتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرمىلىغان تەشۋىقاتىنى پاش قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1945 - يىلى ئاپرېلدا چاقىرىلغان پارتىيىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىدا يولداش ماۋزېدۇڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دېگەن سىياسىي دوكلاتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق كۆر-سەتكەنىدى: «گومىنداڭنىڭ خەلققە قارشى گۇرۇھى، جۇڭگودا كۆپ مىللەت بارلى-قىنى ئىنكار قىلىپ خەنزۇلاردىن باشقا ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «نەسىلداش ئۇرۇق» دەپ ئاتىماقتا. ئۇلار پۈتۈنلەي مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ۋە شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتا قىلمىغىنى قالمىدى.»، «1944 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان قورالىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەسى.......مانا بۇنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر». («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەر-لىرى» 1963 - يىل بېيجىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 542 - بەت) بۇ يەردە ئېيتىلغان شىن-جاڭدىكى قورالىق بېسىقتۇرۇش ۋەقەسى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باستۇرۇش ۋەقەسىنى كۆرسىتىدۇ. ماۋزېدۇڭ بۇ سۆزىدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل مىللىي سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنى ئەزگەنلىكى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغانلىقى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسەتتى. شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقى-لابىي كۈرىشىنىڭ ھەققانىيلىقىنى تەكىتلەپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى-نىڭ ئېزىشكە ۋە باستۇرۇشقا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلابىي كۈرەش خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى. پارتىيىمىزنىڭ يەنئەندە چىقىدىغان پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى - «ئازادلىق گېزىتى» ۋە چوڭچىڭدا چىقىدىغان پارتىيە گېزىتى «شىنخۇا گېزىتى» قاتارلىقلاردا ئىنتايىن قىيىن شارائىت ئاستىدىمۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەزگەن ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىل-غان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە ئوبزور ئېلان قىلىپ، پۈتۈن مەملى-

كەت خەلقىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبىگە بولغان
تونۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى شىنجاڭدىكى ئۈچ
ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى قوللاشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1945 - يىلى 24 - ئىيۇن «ئازادلىق گېزىتى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ
شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان جىنا-
يى قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. گېزىتتە «شىنجاڭ قالايمىقانلىشىپ، مال باھاسى
ئۆرلەپ، بىر تۇخۇم 200 ھۆكۈمەت يارمىقىغا يەتتى» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر ئېلان
قىلدى ئۇنىڭدا، شىنجاڭدا «ئۆتكەن يىلدىن باشلاپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ،
بۈگۈنكى كۈندە مەملىكەت بويىچە مال باھاسى ئەڭ يۇقىرى بولغان ئۆلكە بولۇپ
قالدى. بىر تۇخۇم 200 ھۆكۈمەت يارمىقىغا، بىر خالتا ئۇن 30 مىڭ يارماققا يېتىپ،
ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر ئايلىق تاماق راسخوتى 30 - 40 مىڭ ھۆكۈمەت يارمىقىغا
توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇلاردىن باشقا شېكەر، چاي، رەخت قاتارلىقلارنىڭ
باھاسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىگە يەتتى.» دېيىلگەن.

1945 - يىلى 31 - دېكابىر «ئازادلىق گېزىتى» يەنە «گومىنداڭنىڭ چىرىك سى-
ياسىتىدىن بىر كۆرۈنۈش — شىنجاڭ خەلقى ئازاب - ئوقۇبەتتە!» دېگەن سەرلەۋھىدە، شىن-
جاڭدىن چۇڭچىڭغا بارغان بىر پرافېسسور بىلەن بولغان سۆھبەتنى خەۋەر قىلدى،
ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىنجاڭدىكى مەسىلە، ئاساسلىقى، سىياسىنىڭ چىرىكلىكىدە، بۇرۇن
شىنجاڭدا پەقەت شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بىرلا ئادەم ئېغىر خىيانەت قىلغان بولسىمۇ،
بىراق، ئۇ باشقىلارنىڭ خىيانەتچىلىك قىلىشىنى مەنئى قىلاتتى، ھازىر يۇقىرىدىن تۆ-
ۋەنگىچە خىيانەت قىلمايدىغىنى يوق. خەلق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالدى. مە-
سىلەن، ئادەتتىكى پۇخرالار ئىچكىرىگە بېرىش ئۈچۈن بىر پارچە يول خېتى ئېلىشقا
200 مىڭ يارماق خەجلىشى كېرەك ئىدى. شىنجاڭدا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ بار-
لىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، بەزىلەر ئۇلارنىڭ مىللەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي، ئۇلارنى
پەقەت «نەسىلداش ئۇرۇق» دەپلا ئاتىدى. يېقىندىن بۇيان قانداقتۇ ھال سوراش
ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار ئازسانلىق مىللەتلەرنى قىلچىمۇ ھۆرمەت قىلمىدى، بۇن-
داق بولىدىكەن، مەسىلە پەيدا بولۇش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.» بۇ
سۆھبەت ئارقىلىق پارتىيىمىز خەلق ئاممىسىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىدى-
كى سەۋەب — گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل مىللىي سىياسىتى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چى-
رىكلىكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. 1946 - يىلى 28 - مارت «ئازادلىق گېزىتى»
سالوڭ نامىدا «شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى» دېگەن ئوبزورىنى
ئېلان قىلدى. ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىي
ئەھۋالىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بۇرۇن گومىنداڭنىڭ ئاخبارات ماقالچىلىقى ۋە بۇرمى-
لىما تەشۋىقاتى ئارقىسىدا (مەسىلەن، شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتنى «توپىلاڭ» دەپ

ھاقارەتلەنگەنلىكى قاتارلىقلار) ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بىلەتتى» شۇڭا ماقالىدا، دېموكراتىك ئىنقىلاب نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەدبىق قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبى، خاراكتېرى ۋە ئىنقىلابىي كۆرەشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇنداقلا ئىستىقبالى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل يۈرگۈزۈپ كەڭ ئامىمىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېچىپ بەردى، ماقالىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى كونكرېت، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: تارىختىن ئېلىپ ئېيتساق، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتا «ئۇزۇن مۇددەت مەنچىڭ خانلىقى ۋە چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارمۇ ئۇزۇن مۇددەت مىللىي ھەرىكەت ئېلىپ باردى. ھەمدە بۇ خىل كۆرەشلەر بۇ يەردە پەسەيسە، ئۇ يەردە كۆتۈرۈلۈپ گاھى پەسىيىپ، گاھى كۆتۈرۈلۈپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلدى.»، «شىنخەي ئىنقىلابى خەنزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە زاڭزۇلارنى بىرلىشىشكە چاقىردى. بىراق جۇمھۇرىيەت ھوقۇقىنى مىلىتارىستلار تارتىۋالغانلىقتىن، مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ مىللىي زۇلۇمىنىڭ ئورنىنى يەنىلا چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ چوڭ خەنزۇچىلىقتىن ئىبارەت زۇلۇمى دەسسىدى، ھەر مىللەت خەلقى باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى.» بۇ ۋاقىتتا، «شىنجاڭدا ئارقا-ئارقىدىن چوڭ خەنزۇ پومېشچىكلارنىڭ ۋەكىلى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن قاتارلىق مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلەش ۋە ئېغىر باج-سېلىق يىغىشنى يولغا قويۇپ، ئازسانلىق مىللەتلەرگە تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.» نەتىجىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈزلۈكسىز قوزغىلىپ كۆرەش قىلدى. ماقالىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي پارتلاشتىكى بىۋاسىتە سەۋەب ئالاھىدە تەھلىل قىلىنغان، ئۇ بولسىمۇ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، «ئۇ، ئۆزى ئېلان قىلغان پروگراممىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قىرغىن قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 100 مىڭدەك ئادەمنى ئۆلتۈرگەن»، 1941-يىلدىن باشلاپ، گومىنداڭغا بىۋاسىتە قاراشلىق قوشۇنلار كۆپ مىقداردا شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە ئېغىر بېسىم تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار شىنجاڭنىڭ تاۋار ۋە بايلىقلىرىنى زورلۇق بىلەن سېتىۋېلىشتى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى. خەلقنىڭ تۇرار جايلىرى-كىگىز ئۆيلىرىنى ئىگىلىۋالدى. پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلىدى، نەتىجىدە، ھەر مىللەت خەلقى تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى.

قىسقىسى، چوڭ خەنزۇچىلىق خاھىشىدىكى چوڭ پومېشچىك ۋە چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ زۇلۇمى تۈپەيلىدىن شۇنداقلا: «ئەمەلدارلار غالجىرلاشسا» خەلق ئىسيان كۆتۈرىدۇ دېگەن قانۇنىيەت بويىچە شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتلەر شىددەتلىك ھالدا

پارتلىدى. شۇڭا شىنجاڭ مەسىلىسى «مىللىي زۇلۇم سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتتىن ئىبارەت». ماقالىدا، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرىشىنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە قاراتقان زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئەيىپلەنگەن.

2

1945-يىلى مايدىن باشلاپ، مىللىي ئارمىيە گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى ھەيۋەتلىك ھەربىي ھۇجۇمنى قانات يايدۇرۇپ، سىنتەبىرگە كەلگەندە، ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدى. شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىرى ئىنتايىن قورقۇپ كەتتى، ئۇلار، جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، مەركەزدىن چوڭ ئەمەلدار ئەۋەتىپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. «ئازادلىق گېزىتى» 1945-يىلى 29-ئىيۇل «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر گومىنداڭنىڭ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى» دېگەن سەرلەۋھىدە، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرىشىنىڭ غەلىبىلىك ۋەزىيىتىنى خەۋەر قىلدى. خەۋەردە، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۆرىشى يۈز بەرگەندىن بۇيان، «گومىنداڭ دائىرىلىرى 30 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇننى باستۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتتى، لېكىن، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ قوشۇنى كۈنسايىن كېڭەيدى. ئۆتكەن يىلى ئىيولدا مۇسۇلمان خەلق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ كۈچى تا-دىخۇاغا بەش چاقىرىمغۇ كەلمەيدىغان يەرگىچە يېتىپ كەلدى. ئۆتكەن يىلى نويابىردا، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كارتىجا شەھىرىنى ئىشغال قىلدى........، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەر يەنە چۆچەك بىلەن ئىلى رايونلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرماقتا، بۇرۇن گەنسۇنىڭ خېشى رايونىغا قوغلىۋېتىلگەن قازاقلارمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغالدى. ئۇلار، كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، گەنسۇ-شىنجاڭ قاتنىشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ بەزىدە قاتناشنى ئۈزۈپ قويىدى.» دېيىلگەن. شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى زور غەلىبىگە ئېرىشكەن ۋاقىتتا، ياپون جاھانگىرلىكى 1945-يىلى 15-ئاۋغۇست، شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكالاش بىلەن، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشىپ، جۇڭگو تارىخى يېڭى دەۋرىگە قەدەم قويدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «پۈتۈن مىللەت ئالدىدىكى چوڭ ۋەزىپە — ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى مۇستەھكەملەپ، ئىچكى تىنچلىقنى كاپالەتلىك قىلىش، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش؛ تىنچلىق — دېموكراتىيە، ئىتتىپاقلىق ئاساسىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش؛ مۇستەقىل، ئەركىن ۋە قۇدرەتلىك يېڭى جۇڭگو قۇرۇشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. («جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت توغرىسىدا خىتاپنامىسى» دىن) بۇ، پۈتۈن

مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. تىنچلىق - دېموكراتىيە ئىتتىپاقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، يولداش ماۋزېدۇڭ ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا، جياڭ جيېشى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۆزى بىۋا- سىتە چۇڭچىڭغا باردى. 43 كۈنلۈك سۆھبەتتىكى كۆرەش ئارقىلىق ئاخىرى «10- ئۆكتەبىر كېلىشىمى» ئىمزالاندى. گومىنداڭ تىنچلىق بىلەن دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت توپ فاڭجېنىغا قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. چۇڭچىڭ سۆھبىتى داۋا- مىدا، ماۋزېدۇڭ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ ۋەزىيىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى ھەمدە گومىنداڭنى شىنجاڭ مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈندىدى. گومىنداڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇشى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، 1945 - يىلى سېنتەبىرنىڭ ئوت- تۇرلىرىدا، جياڭ جيېشى جاڭ جىژجۇڭنى شىنجاڭغا بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەپ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا ئەۋەتتى. جاڭ جىژجۇڭ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر گېنېرال، يۈكسەك يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە سىياسىيون ئىدى. ئۇ پۈتۈن ھا- ياتىدا تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىپ مەملىكەتنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن زور ئەجىر سىڭدۈر- گەن، ئۇ سەمىمىي، قەتئىي ئىرادىلىك، ئۆزكۈچىنى ئايىمايدىغان كىشى ئىدى. ئۇ يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېقىن دوستى بولۇپ، چۇڭچىڭ سۆھبىتى مەزگى- لىدە يولداش ماۋزېدۇڭنى تەكلىپ قىلىش ۋە ئۇزىتىش ئۈچۈن يەنئەنگە ئىككى قېتىم باردى. ئۇ، شىنجاڭ مەسىلىسىنى سىياسىي ئۇسۇلنى قوللىنىپ، تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش، قوراللىق باستۇرۇشتىن ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت فاڭجېننى تەشەببۇس قىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بىردەك تىنچلىق - دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك بېسىمى ئاستىدا، جياڭ جيېشى جياڭ جىژجۇڭنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1945 - يىلى 14 - ئاۋغۇست ئىمزالىغان «جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» دا شىنجاڭ مەسىلىسى توغرىسىدا، سوۋېت تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى جاكالىدى ھەمدە گومىنداڭنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا يول مېڭىپ ئىككى تەرەپنىڭ ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئويناشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى مەملىكەتنىڭ ئىچكى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەسىرى ئاستىدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ- جىژجۇڭ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداق قىلىپ 1945 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ كىشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىژجۇڭ بىلەن ئىلى ۋەقەسى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. پارتىيىمىز بۇ قېتىمقى تىنچلىق سۆھبىتىنى

قوللىدى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. جاڭ جىزجۇڭ 11-ئۆكتەبىر، ماۋزېدۇڭنى يەنئەنگە ئۇزىتىپ قويۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، 14-ئۆكتەبىر 2-قېتىم ئايروپىلان بىلەن دىخۋاغا يېتىپ كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. «شىنخۇا گېزىتى» ئۆز ۋاقتىدا، جاڭ جىزجوڭنىڭ دىخۋاغا يېتىپ بارغانلىق خەۋىرىنى ئېلان قىلدى، ئۇلاپلا، جاڭ جىزجۇڭنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەت ئەھۋالىنى ئارقا-ئارقىدىن خەۋەر قىلدى. جاڭ جىزجۇڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئارقىلىق ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۋادا تۇرۇشلۇق باش كونسۇلىنىڭ ئوتتۇرىدىن چىقىپ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىككى تەرەپ ئاخىرى 1946-يىلى 2-يانۋار «قوراللىق توقۇنۇشنى تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشتىكى 11 ماددىلىق بىتىم» گە ۋە قوشۇمچە ھۆججەتنىڭ (1) گە رەسمىي ئىمزا قويدى. پارتىيىمىز ئىككى تەرەپ تىرىشىپ ھاسىل قىلغان بىتىمنى قوللىدى. جاڭ جىزجۇڭ 3-يانۋار ئايروپىلان بىلەن دىخۋادىن ئايرىلىپ، 6-يانۋار چۇڭچىڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن «شىنخۇا گېزىتى» 8-مارتتىن باشلاپ «مىنىستىر جاڭ جىزجۇڭنىڭ ئىلى ۋەقەسىنى ھەل قىلىش جەريانى توغرىسىدا سۆزلىگەنلىرى» دېگەن قىسقا خەۋەرنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا جاڭ جىزجۇڭنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىم ھاسىل قىلىش سەۋەبى «مىللىي باراۋەرلىك روھى ۋە سىياسىي دېموكراتىيە فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ھەمدە ئۇچۇق-يورۇق، سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، خەلق ئېھتىياجلىق بولغانلىكى دېموكراتىك ھوقۇق ۋە تۈرلۈك ئەركىنلىكلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بېرىش ئارقىلىق ھاسىل بولدى» دېگەن سۆزىنى ئەينەن خەۋەر قىلدى، 30-مارت «شىنخۇا گېزىتى»، «ھۆكۈمەت ئىلى تەرەپ بىلەن تۈزگەن بىتىمگە ئىلى ۋەكىللىرى قوشۇلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نامزاتلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. تەرتىپكە سېلىنىدىغان قوشۇنلارنىڭ سانى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەر تېخى مۇزاكىرە قىلىشقا قاراشلىق» دېگەن تېمىدا، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابىنى خەۋەر قىلدى. يۇقىرىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ ئىككى تەرەپ تىرىشىپ تۈزگەن بىتىمنى ئاكتىپ قوللىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 1946-يىلى 15-مارت «ئازادلىق گېزىتى» يەنە بىرىنچى بېتىدە، «جاڭ جىزجۇڭ 2-ئومۇمىي يىغىندا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى دوكلات قىلىپ جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇقىنى ئىناقلاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭدا يەرلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى» دېگەن سەرلەۋھىدە، جاڭ جىزجۇڭنىڭ گومىنداڭ 6-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەپسىلىي خەۋەر قىلدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ جاڭ جىزجۇڭنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا قوللانغان فاڭجېنىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ،

شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن 1946 - يىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى جاڭ جىژجۇڭنى غەربىي شىمال بارگاھىنىڭ مۇدىرى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلىدى. جاڭ جىژجۇڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچ كىشىلىك يىغىنغا قاتناشقاندىن كېيىن، 1946 - يىلى 29 - مارت، ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئاتلاندى. بۇ ئەھۋاللارنى «شىنخۇا گېزىتى» ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلدى. ھەممە جاڭ جىژجۇڭنىڭ شىئەندە مۇخبىرلارنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدىكى «مەن بۇ قېتىم شىنجاڭ ئۆلكىسىگە، ئىلىنىڭ چالا قالغان مەسىلىرىنى داۋاملىق سۆھبەتلىشىشكە باردىم. ئۇنى قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلىشقا ئىشەنچەم كامىل» دېگەن سۆزىنى باستى. بۇمۇ پارتىيىمىزنىڭ جاڭ جىژجۇڭغا بولغان ئىشەنچ ۋە ئۈمىدىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. جاڭ جىژجۇڭ دىخۇاغا يېتىپ كېلىپلا، دەرھال 25 - مارت دىخۇاغا كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشىشى ۋە جاڭ جىژجۇڭنىڭ ئاقىلانىلىقى بىلەن ئىككى تەرەپ، 6 - ئىيون ھەل قىلىنماي قالغان ھەربىي ئىشلار بىتىمىنىڭ (2) گە رەسمىي ئىمزا قويدى، شۇنداق قىلىپ، 20 ئاي داۋام قىلغان ئىلى ۋەقەسى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىندى. بىتىمگە ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. جاڭ جىژجۇڭ قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى، بۇرھان شەھىدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى ئەخمەتجان قاسىمى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەندى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى رەھىمجان خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، سەيپىدىن ئەزىزى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، ئاباسوف مۇئاۋىن باش كاتىپ بولۇپ تەيىنلەندى. 1946 - يىلى ئىيول شىنجاڭ مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغانلىقى جاكالاندى. بۇ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقى كۆرىشىنىڭ غەلىبە مېۋىسى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، چەكسىز شاتلىققا چۆمگەن ھالدا داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى. «ئازادلىق گېزىتى» ناھايىتى تېزلىكتە، 5 - ئىيۇل 1 - بېتىگە «شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھەركىتىنىڭ غەلىبىسى» دېگەن روشەن تېمىدا، ئىلى ۋەقەسىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىنغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، «پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلگەن» ئەھۋاللارنى ئېلان قىلىپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئىنقىلابى قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يېڭى باسقۇچقا كىردى.

شىنجاڭ دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جاڭجىجۇڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن داۋاملىق تىرىشتى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە قاتناشقان ھەيئەتلىرىمۇ، بېتىمنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللىي ئاپتونومىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، 1946 - يىلى 5 - نويابىر، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سىياسىي كېڭەش قارارىنى يىرتىپ تاشلاپ، قورچاق مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي چاقىردى. ئۇنىڭغا شىنجاڭدىن 18 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىشى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتىن 7 نەپەر ۋەكىل سايلاندى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈچ ۋىلايەتتىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئابباسوف قاتارلىق كىشىلەر نەنجىڭگە بېرىپ مەملىكەتلىك قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. ۋەكىللەر نەنجىڭدىكى مەزگىلدە، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە كومپارتىيە ئەزاسى لىن جاۋنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ئازسانلىق مىللەتنىڭ ئىلغار ئەزاسى، بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى يولداش ئابباسوف جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىزدەندى، ئۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نەنجىڭدا تۇرۇپ، سۆھبەت ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ۋەكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا، يولداش دوڭ بىيۋۇ بىلەن ئىككى قېتىم كۆرۈشتى، ئابباسوف دۇڭبىيۋۇغا شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى. دوڭ بىيۋۇ مەركىزىي كومىتېت يولىيۇرۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئابباسوف بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى. ئۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقىغا غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى ئالاھىدە بىلدۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىتى، تەشەببۇسى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇش پىرىنسىپىنى تونۇشتۇردى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى تولۇق غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسى بىلەن مۆلچەرلىدى. دۇڭبىيۋۇ تەكىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى، شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي، دىنىي ئېتىقاد بىر قەدەر كۈچلۈك، ئالدىراپ كوممۇنىزم تۇغىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ، ھەمدە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى خاراكتېرى يەنىلا دېموكراتىك ئىنقىلاب بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئەمەس، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، دۇڭبىيۋۇ ئابباسوفقا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پىلىڭگوئەن (يەنە بىر ئىسمى پىلىڭچاڭ گۇي، شىنجاڭدىكى مەخپىي ئىسمى ۋاڭنەندى) نى ئۆزى بىلەن بىللە شىنجاڭغا ئەۋەتىپ رادىئوگىرامما ئارقىلىق ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدىغان-

لىقىنى ئېيتتى، دۆلەتبېيۋۇنىڭ سۆزىدىن ئابباسوف ناھايىتى ھاياجانلاندى ۋە تەسىرلەندى. ئۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈرەش نىشانى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى كۈرىشى بىلەن بىۋاستە ئالاقىسى بارلىققا كەلدى، يولداش ئابباسوف شىنجاڭغا قايتىشتىن بۇرۇن، پارتىيە ئۇنىڭغا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيىغا مۇناسىۋەتلىك بىر تۈركۈم ھۆججەتلەرنى، يولداش ماۋزېدۇڭ، ليۇشاۋچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي، سىياسىي خىزمەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى تەقدىم قىلدى. بۇ ھۆججەتلەر ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۆرىشىگە ۋە مىللىي ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا زور رول ئوينىدى، 1947 - يىلى 13 - يانۋار پىڭ گوئەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەۋەتىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئابباسوفنىڭ ئايالىنىڭ تۇغقىنى سالاھىيىتى بىلەن ئابباسوف بىلەن بىر ئايروپىلاندا، نەنجىڭدىن شىنجاڭغا كەلدى، پىڭ دىخۇاغا كەلگەندىن كېيىن، ناھايىتى تېزلىكتە رادىئوگىراممىنى قۇراشتۇرۇۋالدى. لېكىن رادىئوگىراممىنىڭ قۇۋۋىتى يەتمىگەنلىكتىن يەنئەن بىلەن ئالاقىلىشالمايدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي دىخۇانىڭ ۋەزىيىتى جىددىيلىشىپ كەتتى، پىڭ گوئەننىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئابباسوف ئۇنى ئىلىغا ئەۋەتىپ، گېزىتخانا خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ رادىئوگىراممىنى رادىئوغا ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇپ، يەنئەندىكى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خاتىرىلەپ ئىلىدىكى «دېموكراتىيە گېزىتى» ۋە ھەر قايسى گېزىت ژۇرناللارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماقالىلار بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقى مەملىكەتلىك ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە خۇشخەۋەرلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇردى. پارتىيىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈپ يېتەكلىشى ۋە پۈتۈن مەملىكەتلىك ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ شىددەتلىك راۋاجلىنىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىنى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە قەدەر قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ مىللىي دېموكراتىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن جاڭجىجۇڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى قوغداپ، دېموكراتىك سىياسەتنى يولغا قويماقچى بولدى، لېكىن ئۇ گومىنداڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى توسۇشقا ئاجىزلىق قىلاتتى. بۇ بىر قىسىم ئەكسىيەتچى كۈچلەر تىنچلىق بىتىمىگە خىلابلىق قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەسكەر كۆپەيتىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى جىددىيلەشتۈردى، ھەممە يەرلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ تىنچلىق بىتىمىگە ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا

ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭەش ھەيئەتلىرى ۋە ھاكىملارنى دېموكراتىك سايلاش ھەركىتىگە غالجىرلىق بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىر قاتار قانلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى، 1947-يىلى مايدا، گومىنداڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى بېقىپ كېلىۋاتقان پانتۈركىست ئۇنسۇر مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە، ئەيسانى ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. ھەمدە بۇرھان شەھىدىنى مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى ھەربىي قوشۇنلىرى تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىنى قانغا بوياپ، ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈردى ۋە يارلاندۇردى بۇ ئەھۋاللار بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ تىنچلىق ۋەزىيىتى گومىنداڭ تەرىپىدىن ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى، ئۇرۇش قارا بۇلۇتى قايتىدىن شىنجاڭنى قاپلىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەتۈر يول تۇتقانلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، مەسئۇت بىلەن ھەمكارلىشىشنى رەت قىلىپ، ئاخبارات ئېلان قىلىپ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت» تىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى جاكالىدى ھەمدە ھەممىسى ئايروپىلان بىلەن ئىلىغا قايتىپ كەتتى. ئەخمەتجان قاتارلىقلار يەنە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە قەتئىي ھالدا رەھبەرلىك قىلىپ قوراللىق بۆلۈنمە ئىگىلەش كۈرىشىنى داۋاملاشتۇردى. پارتىيىمىزنىڭ سەنسى-چاخار-خېبېي رايونىدىكى «خەلق گېزىتى» گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلىرىنىڭ تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ، شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ كۆرىشىگە قىزغىن مەدەت بەردى. 1947-يىلى 16-ئىيۇل «خەلق گېزىتى»، «شىنجاڭدىكى سۆھبەت بۇزۇلدى، جياڭ جيېشى مىللىي ئاپتونومىيە تەلىپىنى رەت قىلدى، خەلق مەسئۇتنىڭ شىنجاڭغا رەئىس بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمىدى» دېگەن تېمىدا، «گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ بېتىمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، «جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭدا زور قوشۇن تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئەزگەن ۋە قورقۇتۇپ بولغان؛ قوزغىلاڭچى خەلقنىڭ قوراللىق كۈرىشىگە سۇيىقەست بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان» جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر مەسئۇتقا قارشى كۈرىشىنى قوللىدى. 1947-يىلى نويابىردا «خەلق گېزىتى» شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرىشىنى ئارقا-ئارقىدىن خەۋەر قىلدى. 25-نويابىردىكى خەۋەرنىڭ تېمىسى: «شىنجاڭدىكى توقۇنۇش يەنە داۋام قىلماقتا، خەلق قوشۇنى ئاتلىق سارسومبىسى (ھازىرقى ئالتاي شەھىرى) نى قايتا ئىشغال قىلدى» ئۇنىڭدا: «گومىنداڭ دائىرىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە دېخۇاغا 50، 60 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن توپلاپ، خەلقنىڭ ئاپتونومىيە رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى، جياڭ جيېشىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى مۇسۇلمانلارنى ھەدەپ قولغا ئالدى ۋە ئۆلتۈردى، جاڭ جيېشى باندىت مىلىتارىستلىرى كۆرۈنۈشتە خەلقنىڭ سايلام ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، خەلق نامزاتلىرىنى تۇتۇپ، قاماپ قويۇپ خەلقنى جياڭ جيېشىنىڭ باندىت

قورچاقلىرىنى سايلاشقا ئاۋاز بېرىشكە مەجبۇرلىدى. خەلق ۋەكىللىكىگە سايلانغۇچىلارنى يالغان جىنايى ناملارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ قولغا ئالدى» دەپ پاش قىلىندى، ماقالىدا: يەنە «خەلق چىداپ تۇرالماي، شىنجاڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقى ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا ئاتلاندى» دەپ يېزىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قوراللىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىنىڭ ھەققانىيلىقى تەكىتلەندى، ماقالىدا يەنە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، 18-ئۆكتەبىر گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىشغال قىلىۋالغان ئالتاي رايونىنىڭ مەركىزى سارسومبىنى قايتۇرۇۋالغانلىقى خەۋەر قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ ۋىلايەت «ئاھالىسى 700 مىڭدىن ئېشىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. خەلق ئاپتونومىيىلىك قوراللىق قوشۇنى تەرەققىي قىلىپ، 40، 50 مىڭ كىشىگە يەتتى.» ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ھەيۋىسى كۈنسايىن كۈچەيدى. 27-يانۋار «خەلق گېزىتى» يەنە شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە ھەرىكىتى تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىغا قەدەر كېڭەيدى، بىرقانچە مىڭ پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلەر بىر تۇتاش تەشكىللىنىپ، تۇرپان ئويمانلىقىدا جانلىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ جياڭ جيېشى باندىتلىرىغا زەربە بەردى.» دېگەن تېمىدا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن ئۈچ ناھىيىدىكى خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇ، پۈتۈن مەملىكەتلىك ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى.

4

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لياۋشېن، خۇەيخەي، پىڭجىن ئۈچ چوڭ جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى، مەسھۇت ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش تېخىمۇ كەڭ-كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى، جاڭ جىرجۇڭنىڭ تىرىشىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەسھۇتنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. 1949 يىلى 10-يانۋار بۇرھان شەھىدىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى، بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقىلابىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلىدى. 1949-يىلى 21-ئاپرېل، ماۋزېدۇڭ، جۇدې ئارمىيىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 1-دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى غەربىي شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىردى. شىنجاڭنىڭ ئازاد بولۇشىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى. 1949-يىلى 15-ئاۋغۇست، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دېڭ لىيچۈننى ئالاقىچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ، ئۈچ نەپەر يولداشنى باشلاپ، ھەمدە رادىئوگىراممىنى ئېلىپ موسكۋا ئارقىلىق ئىلىغا كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق دېڭ لىيچۈن ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى

بىلەن كۆرۈشتى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئاباسوۋ قاتارلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت خەلقىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى
ھەمدە ئالاقىلىشىشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىگە ئىنتايىن خۇشال بولغانلىقى ۋە ئۇنى قىزغىن قارشى
ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇندىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرە-
شى بىۋاسىتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى بىلەن تۇتىشىپ كەتتى. دېڭ لىچۈن
ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن «لىچۈن رادىئوگراممىسى» نى قۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق شىنجاڭ
بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئالاقىسىنى ئورناتتى. 1949 - يىلى 18 - ئاۋغۇست
ماۋزېدۇڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەش يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى نامىدا، ئىلى ئالاھىدە را -ونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئەخمەتجانغا تېلېگ-رامما ئە-
ۋەتتى. يولداش دېڭ لىچۈن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاتارلىقلارغا ماۋزېدۇڭنىڭ خېتىنى تاپشۇ-
رۇپ بەردى، ماۋزېدۇڭ خېتىدە، يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنى
سىنتەبىردە ئېچىلىدىغانلىقىنى ۋە يىغىننىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا-
بىنىڭ خاراكتېرىنى «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى
غەربىي شىمال خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ-
نىڭ تولۇق ئازاد بولۇشى ئۇزاققا بارمايدۇ. سىلەرنىڭ كۆرىشىڭلار ئەڭ ئاخىرقى مۇ-
ۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرماقتا» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. خەتتە، ئۈچ
ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ بەش نەپەر ۋەكىل ئەۋەتىپ، مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كې-
ڭەش يىغىنىغا قاتنىشىشىنى تەكلىپ قىلدى. ماۋزېدۇڭنىڭ خېتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقى-
لابى رەھبەرلىرىگە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى ۋە ئۇلارنى ھاياجانلاندۇردى. 20 - ئا-
ۋغۇست، يولداش ئەخمەتجان ماۋجۇشىغا تېلېگراممما يوللاپ، بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ
مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى،
بىرقانچە كۈن جىددىي تەييارلىق كۆرۈپ، ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر يولداش،
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن 22 - ئاۋغۇست ئىلىدىن قوزغىلىپ سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارقىلىق بېيجىڭغا يۈرۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە بەختكە قارشى ئايروپىلان
ھادىسىگە ئۇچراپ بىرگە ماڭغانلارنىڭ ھەممىسى قازا تاپتى. شۇم خەۋەر يېتىپ كې-
لىش بىلەن كۆپچىلىك ئىنتايىن قايغۇردى، مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۈچ ۋى-
لايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قايتىدىن سەيپىدىن، تۇجېڭ ۋە ئالىمجاندىن ئىبارەت ئۈچ
كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى تەشكىللەپ، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشتۇ-
رۇش ئۈچۈن، بېيجىڭغا ئاتلاندۇردى. ئۇلار، بېيجىڭغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ،
جۇدې، ليۇشاۋچى، جۇئېنلەي قاتارلىق يولداشلار جۇڭنەنخەيدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ ئىشخا-
نىسىدا، ئۇلارنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار مېھمانخانىغا كىرگەن ۋاقىتتا، ماۋزېدۇڭ قاتارلىق
يولداشلار ئورنىدىن تۇرۇپ سۈكۈتتە تۇرۇپ، قۇربان بولغان يولداشلارغا ئېھتىرام

بىلدۈردى. ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئاخىرلاشقاندا، ماۋزېدۇڭ: «ئەخمەتجان باشچىلىقىدىكى
شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ بەختسىز قازاغا ئۇچرىغانلىقى شىن-
جاڭ خەلقى ئۈچۈنلا زور يوقىتىش بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن جۇڭگو خەلقى
ئۈچۈنمۇ زور يوقىتىش بولدى، ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات!» دېدى ۋە قۇربانلارغا
يۈكسەك باھا بەردى. دۆلەت قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، پارتىيىمىز ۋە جاڭ جىجۇڭنىڭ تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن بۇرھان شەھىدى، تاۋشىيۈي بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، بىر ئوچۇم
ئەكسىيەتچى ئوپتسىرلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىرىنى تارمار قىلىپ، 25-سېن-
تەبىر شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانلىقىنى جاكالىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ
كۈرەش قىلىپ كۆزلىگەن ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى.
غەلىبە قىلغان ۋاقىتتا، ماۋزېدۇڭ ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ۋەتەن ئۈ-
چۈن قۇربان بولغان يولداشلارنى ئۇنتۇمىدى. سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بېيجىڭدىن ئايرى-
لىش ھارپىسىدا، 22-ئۆكتەبىر، ماۋزېدۇڭ قۇربان بولغانلار ئۈچۈن يادنامە يېزىپ
بەردى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مىللىي ئازاتلىق ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىك ئىشلى-
رى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قۇربان بولغان يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش
ئىسھاقبېك مونونوف، يولداش ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوف، يول-
داش لوجىزلارنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات.» يادنامىدە قۇربان بولغان بەش نەپەر يول-
داشقا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى — مىللىي
ئازاتلىق ۋە خەلقنىڭ دېموكراتىك ئىشلىرى ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆر-
سىتىپ بەردى.

ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر يولداش قازاغا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، شىنجاڭ
تېخى ئازاد بولمىغان ئىدى، شۇڭا بىر مەزگىل، بۇ شۇم خەۋەر ئېلان قىلىنمىدى.
ئازادلىقتىن كېيىن 1949-يىلى 1-نويابىر شىنجاڭ تىنچلىق دېموكراتىيىنى قوغداش
ئىتتىپاقى مەركىزىي تەشكىلات كومىتېتى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر يولداشنىڭ
قازاغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ماۋزېدۇڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركى-
زىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى نامىدا، 22-نويابىر شىنجاڭ تىنچلىق — دېموكراتىيىنى
قوغداش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئۇنىڭدا، بەش
نەپەر يولداشنىڭ قازاغا ئۇچرىغانلىقى «شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن بىر
قېتىملىق غايەت زور يوقىتىش بولدى» دەپ يېزىلغان، ماۋزېدۇڭ: «مەن بۇنىڭغا چوڭ-
قۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن، ئەخمەتجان قاتارلىق بەش نەپەر يولداش، ھايات ۋاقتىدا،
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى، ئاخىرى يەنە
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن قۇربان بولدى، ئۇلار پۈتۈن جۇڭ-
گو خەلقىنىڭ مەڭگۈ ياد ئېتىشىگە ئەرزىيدۇ.» دېدى.

# مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

شۇ خەيشېڭ

شېڭ شىسەي جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى، شىنجاڭدا پادىشاھ بولىۋېلىپ زومىگەرلىك قىلغان، شىنجاڭدا زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ، بىگۇناھ خەلقلەرنى قىرغىن قىلىش بىلەن نامى دۇنياغا پۇر كەتكەن بىر شەخس.

شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەخسكە قانداق قىلغاندا تارىخنىڭ ھەقىقىتىگە بىر قەدەر ئۇيغۇنراق ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ؟ يولداش دېڭ شاۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «شەخسلەرگە ھەم تارىختا باھا بېرىشتە ئەتراپلىق، ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە باھا بېرىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەك»①، «تارىخىي مەسىلىلەرگە قارىتا ئۇلارنىڭ مەيلى توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشىمىز كېرەك».② بۇ ماقالىدا، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتەك ئاساسىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ شارائىتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، شېڭ شىسەينىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## شېڭ شىسەينىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى

شېڭ شىسەينىڭ تەخەللۇسى جىن يۈڭ، ئۇ 1897 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لياۋنىڭ ئۆلكىسى كەييۈەن ناھىيىسى شېڭ جاتۇن يېزىسىدىكى پومېشچىك ئائىلىسىدە

(بېشى 47 - بەتتە)

1950 - يىلىنىڭ بېشىدا، ماۋ زېدۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى دۆلىتىمىزگە، قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى تاغلىق رايوندىن ئېلىپ چىققانلىقىنى، ھەممە شەكلىنى تۈزەشتۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال، «ئۇلارنىڭ جەسىتىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىپ، شىنجاڭغا دەپنە قىلايلى، ئۇلارغا قەۋرە قاتۇرۇش كېرەك. شىنجاڭ خەلقى ئۆزلىرى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەھرىمانلارنى مەڭگۈ ياد ئەتسۇن!» دەپ يوليورۇق بەردى.

تۇغۇلغان. دادىسىنىڭ ئىسمى شيېڭ جىنجىيا، ئانىسى ئەن فامىلىلىك. شيېڭ شىسەي بالىلارنىڭ تۇنجىسى بولۇپ، بەش ئىنىسى، ئىككى سىڭلىسى بار ئىدى. شيېڭ شىسەي بالىلىق چاغلىرىدا يۇرتىدا خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇغان. شى فىڭ ناھىيىسى ۋە شىنياڭ شەھەرلىرىدە تولۇقسىز باشلانغۇچ ۋە يۇقىرى باشلانغۇچ مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن. كېيىن ئۇ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1912 - يىلىدىن 1915 - يىلىغىچە شاڭخەيىنىڭ ۋۇسۇڭ دېگەن يېرىدىكى بېرىپ، جۇڭگو ھۆكۈمەت مەكتىپىنىڭ مەخسۇس سىياسىي - ئىقتىساد سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى ۋە ئورۇق - تۇغقان، يېقىنلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 1917 - يىلى ياپونىيىگە بېرىپ توكيودىكى مىڭجىڭ داشۆسىنىڭ سىياسىي - ئىقتىساد كەسپىدە بىلىم ئاشۇرغان. 1919 - يىلى، شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن تەسلىمچىلىك قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە ۋەتىنىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ، پارىژ سۈلھى يىغىنىدا ئىمزا قويغانلىقىغا قارشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى غەزەپ دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلدى. شيېڭ شىسەي لياۋنىڭدىن ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ تەلەپ قويۇش ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، شاڭخەيدە «4 - ماي» ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە قاتناشقان.

ئەينى يىللاردا، يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى جۇڭگودا، شيېڭ شىسەي پەقەتلا فېئوداللىزمنىڭ «يەرلىك دېھقانچىلىق ئىگىلىكى (بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن كاپىتالىزم ئىگىلىكى ئەمەس) ۋە جاھانگىرلارنىڭ تەسىر دائىرە تالىشىپ، بۆلۈۋېلىپ ئېكسپىلاتسىيە قىلىش سىياسىتى» نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان، مىلىتارىستلارنىڭ جايلارنى بۆلۈۋېلىپ ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان، خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەممە يەردە كۆتۈرۈلۈۋاتقان داۋالغۇش ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ تۇرغانلىقتىن، سىياسىي ئىقتىساد كەسپىنى ئوقۇشتىن ۋاز كېچىپ، ھەربىي ئىلىمنى ئۆگىنىپ، ئارمىيىگە قاتنىشىشنى نىيەت قىلغان. ئۇ، لى گېڭيۈەن ئاچقان يۈننەن ھەربىي مەكتەپ شاۋجۇ شۆبىسىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق پىيادە ئەسكەرلەر بۆلۈمىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، لى گېڭيۈەننىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق يەنە شەرقىي - شىمالغا قايتىپ بېرىپ، جياڭ ۋۇتاڭ قارمىقىدىكى جاۋداۋ ئەترىتى ئوفىتسېرلەر سىنىپىنىڭ 1 - قارارلىق كۇرسىدا تەربىيىلەنگەن. كېيىن، گوسۇڭلىڭنىڭ قول ئاستىدا 8 - لۈينىڭ جۇڭۋېيى بولغان، كېيىن تېزلا ئۆسۈپ گېنېرال جاڭ زولىننىڭ قوغدىغۇچىلار پولكىدا لىيەنجاڭ ھەم شەرقىي - شىمال ئۈچ ئۆلكىنىڭ ساقچى مەھكىمىسىدە شاۋشياۋ سەنمۇ، جۇڭشياۋ سەنمۇ بولغان؛ جاڭ زولىننىڭ شەخسىي ۋەكىلى سۈپىتىدە سىچۈەن، خۇبېي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ لىيۇ شياڭ، سۇڭ چۈەنفاڭ قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ھەربىي توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋۇپېيفۇغا قارشى تۇرغان. شۇڭا ئۇ، جاڭ زولىن، گوسۇڭلىڭلارنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر

بولغان. گوسۇڭلىڭنىڭ ۋاستىسى بىلەن تۈەنجاڭ چيۇزوڭجۇننىڭ قىزى شۇنداقلا يەنە
گوسۇڭلىڭنىڭ بېقىۋالغان قىزى چيۇشۇفاڭ بىلەن تونۇشقان. گوسۇڭلىڭ شىڭ شىسەينى
ئۆز ئوغلىدەك كۆرگەن ھەمدە شەرقىي - شىمال ئارمىيىسىنىڭ باشلىقى جاڭ زولىن ئۆزى
ئوقۇش پۇلى چىقىرىپ، شىڭ شىسەينى ياپونىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىپ، بىلىمىنى ئاشۇرۇپ،
كەلگۈسىدە مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. 1923 - يىلى
شىڭ شىسەي بىلەن چيۇشۇفاڭ توي قىلىپ، ياپونىيىگە ئوقۇشقا ماڭغان. چيۇشۇفاڭ
ياپونىيىدىكى توكيو قىزلار داشۆسىگە، شىڭ شىسەي بولسا ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە
داشۆسىنىڭ جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئەترىتى 4 - قارار كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇغان. 1925 -
يىلى 11 - ئايدا، گوسۇڭلىڭ، فېڭ يۈشياڭلار بىرلىشىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ غەزەپ
دولقۇنلىرى ئىچىدە، ھەربىي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، جاڭ زولىنغا قارشى چىقىدۇ. بۇ چاغدا
شىڭ شىسەي تېلېگراممىغا ئاساسەن، شەرقىي شىمالغا قايتىپ كېلىپ، يىڭجاڭ بولىدۇ.
شۇ يىلى 12 - ئايدا، ياپونىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، گوسۇڭلىڭنىڭ
ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، گوسۇڭلىڭ ئۆلتۈرۈلىدۇ. شىڭ شىسەي ياپونىيىگە قايتىپ
يەنە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىدە داۋاملىق ئوقۇيدۇ. لېكىن شەرقىي - شىمال دائىرى-
لىرى شىڭ شىسەيگە نەپرەتلىنىدۇ، شىڭ شىسەي گوسۇڭلىڭ تەرەپدارى بولغانلىقتىن،
ئۇنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى ھېسابىدىكى ئوقۇش پۇلىنى توختىتىۋېتىدۇ ھەمدە ياپونىيە
قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى داشۆسى ئۇنى ئوقۇش تەۋەلىكىدىن چىقىرىپ تاشلاشنى تەلەپ
قىلىدۇ. شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتىدىكى ئوقۇش پۇلى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، قۇرۇق-
لۇق ئارمىيە داشۆسى دائىرىلىرى ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، فېڭ يۈشياڭ-
نىڭ كۆپ تەرەپلىمە ھەرىكەت قىلىشى ئارقىسىدا، شىڭ شىسەي يەنە ئوقۇشنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈۋالىدۇ ھەم سۈڭ چۈەنفاڭ، جياڭ جيېشىلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە ئىگە بولۇپ،
قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىدىكى ئوقۇشنى تۈگىتىۋالىدۇ.

1927 - يىلى، شىڭ شىسەي ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيە داشۆسىنى پۈتتۈرگەندىن
كېيىن نەنجىڭغا قايتىپ كېلىپ جياڭجيېشى بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇ يىللاردا، دەل خەلق
ئىنقىلابىي ئارمىيىسى شىمالغا يۈرۈش قىلىۋاتقان ۋاقىت بولغانلىقتىن، جياڭ جيېشى
شىڭ شىسەينى خې يىڭچىڭنىڭ خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيىسى باش سىلىڭبۇسىغا شاڭشياۋ
سەنمۇ، قوشۇمچە مەركىزىي ھەربىي مەكتەپنىڭ شۆبە ئوفىتسېرلەر پولكىغا ياۋروپا جەڭ
تارىخىي ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەپ ئەۋەتىدۇ. 1928 - يىلى سەنشى ئۆلكىسى باش
سىلىڭبۇ پىيادە ئەسكەرلەر يېڭى سەنمۇ باشقارمىسىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
بولىدۇ، كېيىن يەنە نەنجىڭ سەنمۇلار بۆلۈمى بىرىنچى نازارەت، ئۈچىنچى بۆلۈم جەڭ
قىلىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىلىدۇ. بۇ جەرياندا باشلىقى خې ياۋرو بىلەن چىق-
قىشالمىغانلىقتىن، ئىشلىرى راۋاج تاپماي، ئۆزىنىڭ قارانىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي
قالىدۇ - دە، 1929 - يىلى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىدۇ. كېيىن پىڭ شياۋشەن رەھبەر-

لىكىدىكى تۇسۇن ئىلمىي جەمئىيىتىگە قاتنىشىپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە چېگرا مۇداپىئە مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە، شېڭ شىسەيدە چېگرا رايونغا بېرىپ باشقىچە بىر ۋەزىيەت يارىتىش پىلانى تۇغۇلىدۇ.

1929 - يىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپۋات باشلىقى لۇشياۋزۇ خىزمەت بىلەن نەنجىڭغا بېرىپ، جىن شۇرېن دۇبەننىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھەربىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئەسكىرىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تۇسۇن ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى پېڭ شياۋشەننىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شېڭ شىسەي شىنجاڭغا بېرىش تەكلىپىگە قوشۇلىدۇ ھەمدە خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ، 1930 - يىلى كۈزدە سىبىرىيە ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىدۇ. شېڭشىسەي دىخۇا (بۈگۈنكى ئۈرۈمچى) گە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جىن شۇرېن بىلەن ئۇنىڭ مەزھەپ تۇغقانچىلىق ۋە يۇرتداشلىق جەھەتتە مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقتىن، جىن شۇرېن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەي، پەقەتلا ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان شاكىشياۋ سەنمۇ ۋەزىپىسىنى بېرىدۇ. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ سوغاق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ئاللا بۇرۇنلا كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پۇرسەت تېپىپ چېگرا رايونغا بېرىپ، چوڭ ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقىشتەك نىيىتى بولغاچقا، بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، پۇرسەت كۈتىدۇ. دەل 1931 - يىلىدىن 1933 - يىلىغىچە قۇمۇل ئۇيغۇر دېھقانلىرى تۇشمۇ - تۇشتىن قوزغىلاڭ كۆتەرگەنلىكتىن، گەنسۇلۇق مىلىتارىست ماجۇڭيىڭ شىنجاڭغا چاقىرىلىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش پەيدا بولۇپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ھەممە تەرەپتىن كرىزىسقا ئۇچراپ، ئاخىرى شېڭ شىسەينى «ئۇلۇغۋار پىلانلىرى»نى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۈچ يېرىم يىل ئىچىدە شېڭ شىسەي سەنمۇ، سەنمۇجاڭ، شەرقىي قىسىملارنى باشلاپ ماجۇڭيىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇچى باش قوماندانلىقتىن ئۆسۈپ، ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا ئەسكىرىي كۈچلەرنى بىر بۇيرۇق بىلەنلا يۆتكىيەلەيدىغان ئەڭ نوپۇزلۇق ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ قالىدۇ.

1933 - يىلى، دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە كۆتۈرۈلۈپ، گەنسۇنىڭ مىلىتارىستى ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىدۇ. ئۈرۈمچى قورشاۋدا قېلىپ، شەھەر ئىچى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۆز ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئەمەلدارلار تېخىمۇ چىرىكلىشىپ كېتىدۇ. ئۇرۇش كۆپىيىپ، ۋەزىيەت داۋالغۇش ئىچىدە قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، جىن شۇرېن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرالماي، دۈشمەنلەرنى چېكىندۈرۈشكە ئامالسىز قالىدۇ. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى پۈتۈن شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ياش ئەمەلدارلار سەنمۇ نازارىتىنىڭ باشلىقى چېن جۇڭ، ئاۋئاتسىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى لى شياۋتيەن، ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى تاۋمىڭ يۆلەر ئاق ئورۇس ئارمىيىسى③ بىلەن ئالاقىلىشىپ، 4 -

ئاپرېلنىڭ 12 - كۈنى سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىپ، جىن شۇرېننى شەھەرنىڭ سىرتىغا قوغلاپ چىقىرىۋېتىدۇ، شۇ كېچىسى ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى لۈيى تۈرۈشلۈق ئورۇندا ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن ئېچىلىپ، ۋاقىتلىق قوغداش كومىتېتى ھەم ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلىدۇ. سابىق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ۋاقىتلىق رەئىس بولۇپ سايلىنىدۇ. شەرقىي - شىمال ياپونغا قارشى تۈرۈش قوشۇنى 15 - لۈيىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى جىن روڭچىڭ ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. ھەممە خەلقنى تىنچلاندۇرۇش ئېلانى چىقىرىلىپ، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، شەھەر ئىچىگە چاپلىنىدۇ. جىن شۇرېن ئىشنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئورۇق - تۇغقان، بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ ئۆستەڭنىڭ سۆڭگىچىدىن قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ قىزىل تاغدا جاي تۇتۇپ، غەربكە يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنى تېزلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە يۆتكەپ كېلىدۇ. شېڭ شىسەي سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن بۇيرۇققا ئاساسەن نەنسەندىكى «توپىلاڭ»نى باستۇرغىلى كەتكەن ئىدى. سەپەر ئۈستىدە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تېزلىكتە قايتىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا بىر تال زەمبىرەك ئوقى بىلەنلا غەلىبە قازىنىدىغان جايدا ئەسكەرلەرنى ئىشقا سالماي كۆزىتىپ تۇرىدۇ. بۇ چاغدا، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغۇچىلار پەقەت شۇ ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىگىلا تايىنىپ تۇرىۋاتاتتى. دەسلەپتە (3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى) ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن شەرقىي - شىمال ياپونغا قارشى 15 - لۈيى ھەربىي قوشۇنلارغا تەۋە بولمىغانلىقتىن ھەم ئۇلاردا قورال - ياراق كەمچىل بولغانلىقتىن، سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ رەھبىرىي چېڭ چۇڭ، پاپېنگوتلار 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى تۇرۇۋاتقان يەرگە بېرىپ «سىياسىي ئۆزگىرىشتە پەقەت جىن شۇرېن بىرلا كىشىنى ئاغدۇرۇۋەتتۇق»④ دەپ چۈشەندۈرۈپ، شېڭ شىسەينىڭ بۇ «ئىنقىلاب»قا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدى بىلەن پاپېنگوتنى قولغا كەلتۈرۈپ، 14 - كۈنى دەرھال قوغداش قىسىم ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شەھەر ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ ئۆلكىلىك داڭبۇ چاقىرغان ۋاقىتلىق قوغداش كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. يىغىندا پاپېنگوت قاتارلىق ئاق ئورۇس قوشۇنىدىكىلەر: «يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىيىتى تېخى مۇقىملاشمىدى، شېڭ قوماندان نەچچە ئون يىل ئۇرۇشلارغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان، ھەممە جەڭلەردە غەلىبە قازانغان، ئۇنى ۋاقىتلىق دۇبەن قىلىپ سايلاشقا بولىدۇ. سىياسىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىلغان كېچىسى تەشكىللەنگەن ۋاقىتلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دەرھال ئەمەلدىن قالىدۇ»⑤ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. جىن شۇرېن ئۆزىنىڭ يېقىن ئەسكەرلىرىنى يىغىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلغانلار ئالاقە باغلىغان ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرى، ياپونغا قارشى شەرقىي - شىمال ئارمىيىسى 15 - لۈيىنىڭ توساپ زەربە بېرىشىگە ئۇچرىغانلىقى، شۇنداقلا شېڭ شىسەينىڭ ياردەم قىلماي كۆزىتىپ جىم يېتىۋې-

لىشىدىن چوڭ ۋەزىيەتنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىنى بىلىپ، سانجى ئارقىلىق چۆچەككىچە قېچىپ بېرىپ، ئۇ يەردىن سوۋېت ئىتتىپاقى سىبىرىيە ئارقىلىق تىيەنجىن، نەنجىڭلارغا قايتىپ كېتىدۇ. مانا بۇ، 1933 - يىلى شىنجاڭدا يۈز بەرگەن «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىش ۋەقەسىدۇر. «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى، چېگرا رايونىدا «چوڭ ئىشلارنى قىلىش» پۇرسىتىنى كۈتۈۋاتقان شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىيە دۇبەنى ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتى ھەم «بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇق ئورنى»غا ئىگە بولۇۋېلىش شارائىتىنى يارىتىپ بەردى.

شېڭ شىسەي ھىيلىگەرلىك ۋاستىلارنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ھەربىي ھوقۇقنىڭ ئۆز قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن رازى بولماي، يەنە ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ، يوقىلاڭ بەدناملارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۆلكە رەئىسى ليۇ ۋېنلۇڭنى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇرلايدۇ ھەمدە ئۇنى نەزەربەنت ئاستىغا ئالىدۇ. ئارقىدىنلا قورچاق جۇ رۇيچى، لى رۇڭلارنى ئۆلكە باشلىقلىقىغا يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئۆلكە رەئىسى ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىغا كۆۋرۈك سالىدۇ. 1940 - يىلى لى رۇڭ كېسەل بىلەن ئۆلىدۇ. 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى دۇبەن ھەم قوشۇمچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەش، بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىدۇ. ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت ھوقۇقى شېڭ شىسەينىڭ قولىغا مەركەزلىشىدۇ. 1943 - يىلى 1 - ئايدا، شېڭ شىسەي گومىنداڭغا قاتنىشىدۇ، ئۈرۈمچىدە گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسى قۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي جۇرېن ھەيئىتى ھەمدە غەربىي - شىمال كادىرلار تەربىيىلەش تۇەننىڭ مۇدىرى، گومىنداڭ مەركىزىي تەپتىش ھەيئىتى، مەركىزىي ھەربىي مەكتەپ شۆبىسىنىڭ مۇدىرى، 8 - ئۇرۇش قىلىش رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭى، شىنجاڭ تاشقى ئىشلار ئالاھىدە خادىمى بولىدۇ. 1944 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، شېڭ شىسەي گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چۇڭچىڭغا ۋەزىپە ئۆتەشكە ماڭىدۇ. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىپلىشىگە ئۇچراپ، 1945 - يىلى ئىيۇلدا ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ۋۇخەن ھەربىي — مەمۇرىي مەھكىمىسىگە مەسلىھەتچى بولۇپ يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1949 - يىلى جياڭ جيېشىنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بىللە تەيۋەنگە قېچىپ كېتىدۇ، 1970 - يىلى تەيبېي شەھرىدە ئۆلىدۇ.

## شېڭ شىسەينىڭ ئىدىيىسى

30 - يىللاردا شىنجاڭدا ئاجىزلاشقان كاپىتالىزم ئىگىلىكى بىلەن ئېغىر ھالدىكى يېرىم فېئودالىزم ئىگىلىكى بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ، سىياسىي - ئىقتىسادنىڭ تە-

رەقىبياتى ئىنتايىن تەكشىسىز ئىدى. ئەينى يىللاردا شىنجاڭ يەنىلا قويۇق فېئوداللىق تۈسىنى ئالغان جەمئىيەت ئىدى. قالاق، تارقاق قەدىمكى دەۋردىن ئانچە چوڭ پەرقلەنىپ كەتمەيدىغان يەرلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ھەم مىللەت، قەبىلە، ئۇرۇقداشلىق ئاساسىي بىرلىك قىلىنغان ئىجتىمائىي تەشكىل ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن يۇرتۋازلىق مىلتارىست شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى ئايرىۋېلىپ، پادىشاھلىق تۈزۈم ئورنىتىپ، زومىگەرلىك قىلىشىغا زور ئىمكانىيەتلەرنى تۇغدۇرۇپ بەردى. ئۇ فېئودال مىلتارىستلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىدىيىسى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىغا ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، تارىخنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىدىيىۋى ئاساسى يەنىلا فېئودالىزمنىڭ بىر يۈرۈش ئىدېئولوگىيىسى ئىدى.

ئارمىيە قولدا بولسا ھوقۇق بولىدۇ. ئەسكەر كۆپ بولسا ھوقۇقمۇ چوڭ بولىدۇ. بۇ — جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان مىلتارىستلىرىنىڭ سىياسىي ئالاھىدىلىكى. شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ شىمالىي مىلتارىستلارنىڭ كونا شاگىرتى ھوقۇقنى كېڭەيتىشنىڭ سىرلىرىنى ئەلۋەتتە ئوبدان بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شىنجاڭدىكى مىلتارىستلارنىڭ جاڭجاللىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ كەلگەنىدى. 1934 - يىلى قىشتا، دۇبەن مەھكىمىسى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ھەربىي قوشۇننى تەرتىپكە سالغاندىن كېيىن، شىنجاڭ قوراللىق ئارمىيىسىنى تەرتىپكە سېلىش نەتىجىسىدە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەسكەر سانى جەمئىي 11534 كىشى بولغان بولسا، 1943 - يىلىغا كەلگەندە شېڭ شىسەي ئىگىلەپ تۇرغان ئاتلىق ئەسكەرلەر تۇەنى، ئەترىتى، موتوتسىكىلىت ئەترىتى، توپچىلار تۇەنى، پىيادە ئەسكەرلەر يىگى، ماشىنىلاشقان ئەسكەرلەر لۈيى، چېگرا مۇداپىئە ئەسكەرلىرى قاتارلىقلارنىڭ سانى تېزدىن ئېشىپ 28163 كىشىگە يەتكەن. شېڭ شىسەي بۇلارنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ مىلتارىستلىرىنىڭ ئىچىدە «مۇشتۇمزورلۇق» نى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىگەن ۋە كېڭەيتكەنىدى.

فېئودال مىلتارىستلارنىڭ ھەممىسى خان پەرەسلەردۇر. شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ شىمالىي مىلتارىستلارنىڭ كونا شاگىرتىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ 1933 - يىلى «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدە، شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق چېگرا مۇداپىئە دۇبەنى دېگەن ھوقۇققا ئېرىشكەن. 9 - ئايدا بۇ مۇھىم ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى «شىنجاڭنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتاپ، ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان پادىشاھلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولىۋالغانىدى. ئۇ يەنە ئۆزىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى دەپ ئاتىۋالغان ھەم ھەممە ئۆيلەردە ئۆزىنىڭ رەسىمىنى ئېسىشنى، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنى، ياشىسۇن دەپ ئۈچ قېتىم توۋلاشنى تەلەپ

قىلغان. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا، ئۇ ھەممىنى ئىدارە قىلغان. ئۇ ئۆز ئالدىغا قانۇن چىقىرىپ، ئادەملەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھايات - ماماتلىقىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان؛ ئۇ ئۆز ئالدىغا باج ئېلىش تۈزۈمىنى بېكىتىپ، ئاشلىق، باج يىغىپ، ئەسكەر قوبۇل قىلىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراپ، ئۆزىنىڭ يېنىنى تولدۇرغان؛ ئۇ ئېلان قىلغان تۈرلۈك بۇيرۇقلار ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش ھۆكۈمنامىلەرگە «شېڭ شىسەي» دېگەن ئىمزا قويۇلغان بولسىلا، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قىلچە توسالغۇسىز يەتكۈزۈلەتتى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 12 يىلدا، 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ناھەق باستۇرۇلغان، 60 مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ بۇلاپ ئېلىۋالغان پۇل، مال - مۈلۈكلىرى، ئۇرۇق - تۇغقان، جەمەتلىرى بولۇپ ھەربىر ئادەمگە تەخمىنەن شىنجاڭ پۇلى 10 مىليون يۈەندىن 100 مىليون يۈەنگە قەدەر توغرا كەلگەن. شېڭ شىسەي ھېسابسىز بېيىپ، شىنجاڭنىڭ يەرلىك پادىشاھىغا ئايلىنىپ قالغان.

فېئودال مىلىتارىستلارنىڭ ھەممىسى يۇرتۋازلاردۇر. شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ قالاق، تارقاق، سىرت بىلەن ئالاقىسى قولايسىز بولغان جايدىمۇ ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالمىدى. ئۇ 1933 - يىلىدىكى «12 - ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى»دە، چېگرا مۇداپىئە دۇبەنىدىن ئىبارەت بۇ تەختكە چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ «بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان» دائىرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن، نام جەھەتتىن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە بويسۇنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىنجاڭنى ئايرىۋېلىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل بولىۋالغان. شېڭ شىسەي ئالدى بىلەن گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك داڭبۇسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مەركەز شىنجاڭغا ئەۋەتكەن خادىملارنى ئىچكىرىسىگە قايتىشقا مەجبۇرلىغان؛ ياۋروپا، ئاسىيا ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايروپىلانلىرىنىڭ شىنجاڭ ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈشىنى رەت قىلغان. بۇ شىركەتنىڭ ئۇرۇمچى، چۆچەك تارماق پونكىتلىرىنى پېچەتلەپ تاشلىغان؛ سوۋېيۇن — شىنجاڭ ئاپتوموبىل شىركىتى ماشىنىلىرىنىڭ قۇمۇلدىن غەربكە قاراپ مېڭىشىنى رەت قىلغان ھەمدە بۇ شىركەت ماشىنا كىرا بېلىتىنى ساتقاندا ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشنى، بولمىسا چېگرىدىن كىرگۈزمەسلىكنى بېكىتكەن؛ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن خەت - چەكلەرنى قاتتىق تەكشۈرگەن ھەم تۇتۇپ قالغان. قىسقىسى، شېڭ شىسەينىڭ ئەتراپلىق مۇداپىئەلىنىشى جياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ ئىنتايىن بېشىنى قاتۇرغان بولسىمۇ، بىراق 1943 - يىلىدىن ئىلگىرى شىنجاڭغا چاڭ سالالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويۇپ، ئۆز گۇرۇھىدىكىلەرنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈپ ئىشلەتكەن. ئۇ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە، شىنجاڭ ھەربىي ئىشلار ساھە-

سىدىكى كونا ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇڭا ئۇ ياپونىيىدە بىللە ئوقۇغان كەيپىۋەنلىك يۇرتداشلار جەمئىيىتىدىكى خې يۇجۇ، لاڭ داۋخىڭ، ۋاڭ لىشى، شيۇ ليەن قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭغا تەكلىپ قىلغان، كېيىن بۇلار يەنە بىر تۈركۈم يۇرتداشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى شېڭ شىسەي مۇھىم دەپ قارىغان يۇقىرى ئەمەللەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ كىشىلەرنى شىنجاڭدىكى كونا تۆرىلەر مەسخىرە قىلىپ ئون چوڭ دوكتور ۋە ئون كىچىك دوكتور دەپ ئاتىغان. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار ھوقۇقى پۈتۈنلەي شېڭ شىسەينىڭ فېئودال ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن كىشىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مەسىلەن: شېڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى چيۇزۇڭجىنى ئىلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ بېگى (كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىۋات باشلىقى بولغان). ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىيىڭنى ئۆلكىلىك تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۈچىنچى ئىنىسى شېڭ شىچۈەننى دۇبەن مەھكىمىسى ئىشپىيونلار تۈەنىنىڭ باشلىقى، تۆتىنچى ئىنىسى شېڭ شىچىنى ماشىنىلاشقان لۇيىنىڭ لۇيجاڭى، بەشىنچى ئىنىسى شېڭ شىجىنى جۇڭشۇن تۈەنى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە باشلىقى قىلىپ تەيىنلىگەن. خوتۇنىنىڭ ئىنىسى جيۇيوشيۇڭنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي يېتىشتۈرۈش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، باجىسى ۋاڭ خۇڭساۋنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا، ئاچىسىنىڭ يولدىشى پىڭ جيۈەننى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىگەن. شېڭ شىسەي دەل مۇشۇنداق فېئوداللىق مۇناسىۋەتىگە تايىنىپ، ئۆزىنى مەركەز قىلغان ھالدىكى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان ھوقۇق دائىرىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز ھوقۇق دائىرىسىنى قوغدىغان، مۇستەھكەملىگەن ۋە كېڭەيتكەنىدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولىغا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشىغا ئېگە بولۇۋېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەسىرى ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «سەككىز چوڭ خىتاپنامە»،⑥ «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە»⑦ ھەم «بۈيۈك ئالتە سىياسەت» دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئاتالمىش «بۈيۈك ئالتە سىياسەت» دېگەنلىرى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىش، خەلقنى تىنچلاندۇرۇش، دىيانەتلىك بولۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇ شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى پروگراممىسى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياققان ئىدى، دەۋر ئېقىمىغىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ شىنجاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىدىكى سىياسىي ئاساس ئىدى. 1934 - يىلى قىش ۋە 1936 - يىللىرى شېڭ شىسەي ئىلگىرى - كېيىن يېزىپ چىققان «ھۆكۈمەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى»، «بۈيۈك ئالتە سىياسەت دەرسلىكى» دە «بۈيۈك ئالتە سىياسەت» — «جەڭگى-

ۋار ئىلمىي نەزەرىيىگە ئىگە سىياسەت، ئۇنىڭدا ماركسىزم - لېنىنىزم پرىنسىپلىرى ئا-
ساس قىلىنغان» دەپ شەرھىيلىگەن. بۈيۈك ئالتە سىياسەتنىكى جاھانگىرلىككە قارشى
تۇرۇش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ھەر مىللەت، ھەرقايسى ساھە-
دىكىلەرنى يىغىپ 1934 - يىلى «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇ-
يۇشمىسى» نى قۇرۇپ چىققان. 1935 - يىلى قىشتا ئۇ ئۆزى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ باشلى-
لىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان. «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش فرونتى» دېگەن ژۇر-
نالنى نەشر قىلىپ، بۇ ئۇيۇشمىنى بۈيۈك ئالتە سىياسەتنى تەشۋىق قىلىدىغان، يۈرگۈ-
زىدىغان ئورگانغا ئايلاندۇرغان. شېڭ شىسەي بۈيۈك ئالتە سىياسەتنى ئۆزىنىڭ سىياسىي
نەزەرىيىسى، ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل يۇلتۇزنى شىنجاڭنىڭ سىياسىي سىمۋولى قىلى-
ۋالغان. 1933 - يىلدىن 1941 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇ ئۆزىنىڭ نۇتۇق ۋە
ئەسەرلىرىدە، ئۆزىنى ماركسىزمنىڭ مۇخلىسى دەپ پەدەزلىگەن. 1940 - يىلى ئۇ سو-
ۋېت دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئالىي دائىرىلىرىگە «مەن ئەڭ سادىق ماركسىزم - لېنىنىزم، ستا-
لىنىزمچى، ... مەنمۇ ماركسىزم - لېنىنىزمغا ئىمانەت قىلغۇچى»⑧ دەپ خەت يازغان.
لېكىن 1942 - يىلغا كەلگەندە، سوۋېت - گېرمانىيە ئۇرۇشى ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى-
نىڭ ئارقا - ئارقىدىن پارتلىشى بىلەن دۇنيا ۋەزىيىتى فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئىنت-
تايىن قىيىن بىر مەزگىلىدە تۇرۇۋاتاتتى، ئۆزىنى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مۇرىتى دەپ
ئاتىۋالغان شېڭ شىسەي ۋەزىيەتنى خاتا مۆلچەرلەپ، نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆز
ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ. ئۇ بىرلا دۈملاپ
ئەسلىگە قايتىپ، قانداقتۇ «فاشىزمنىڭ كۈچىنى توسىۋالغىلى بولمايدۇ»، «سوۋېت ئىت-
تىپاقى تۈگەشتى»، «ياپونغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئىستىقبالى يوق، كومپارتىيە جۇڭگونى
قۇتقۇزالمايدۇ. سوتسىيالىزم بەرىبات بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا» دەپ بىلجىرلايدۇ⑨.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىياڭ جيېشى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سەنمىنجۇيىنى
بۈيۈك ئالتە سىياسەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، كۆك ئاسمان ۋە قۇياشنىڭ سۈرىتى
چۈشۈرۈلگەن بايراقنى قىزىل ئالتە يۇلتۇزلۇق بايراقنىڭ ئورنىغا تىكلىگەن. 1943 -
يىلى 1 - ئايدا شېڭ شىسەي گومىنداڭغا قاتنىشىپ، گومىنداڭ شىنجاڭ داڭبۇسىنى تەش-
سىس قىلىش ۋە ھەيئەت مۇدىرى بولۇش قەسەمياد مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەپ:
«ئۆتكەندە مەن كۆپچىلىكنىڭ ماركسىزمغا ئېتىقات قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلغان ئىدىم.
ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا، ماركسىزم - لېنىنىزمدا نۇرغۇن خاتا-
لىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى دىئالېكتىك-
لىق ماتېرىيالىزم، بۇ توغرا ئەمەس. تارىخنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى ماددا ئەمەس، مەن
بۇ خاتالىقنى بايقىۋالغاندىن كېيىن، ماركسىزم - لېنىنىزمدىن گۇمانلىنىشقا باشلىغانىدىم،
كېيىن سەنمىنجۇيىنى تاپتىم، سەنمىنجۇيى — سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ ئىدېئالى-
زمنى پەلسەپىۋى ئاساس قىلغان، بۇ پەلسەپىۋى ئاساس تارىخىي رېئاللىققا پۈتۈنلەي

ئۈيغۇن... مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇشلار ئارقىلىق مەن ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن كوممۇنىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۈيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، جۇڭگوغا سەنمىنجۇيىللا كېرەك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. ئۆتكەندە مەن سىلەرنى خاتا يولغا باشلاپ ماڭغان ئىدىم، بۈگۈن سىلەرنى ئورتاق ھالدا توغرا يولغا باشلاپ ماڭىمەن»[10] دېگەن. شېڭ شىسەي تېخى يەنە شىنجاڭدىن ئايرىلىپ چۈشكۈچىگە ماڭغىچە ئېلان قىلغان مۇراجىئەتنامىسىدا: «سەنمىنجۇيى بۈيۈك ئالتە سىياسەتنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدۇر، بۈيۈك ئالتە سىياسەتمۇ مەزكۇر ئۆلكىدە يولغا قويۇلۇۋاتقان سەنمىنجۇيىنىڭ كونكرېت لايىھىسى» دەپ يازغان. شېڭ شىسەيدىكى بۇنداق بۇرۇلۇش نەتىجىسىدە 1942 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1943 - يىلىغىچە، ھۆكۈمەت ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقلىق مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىس، تېخنىك، دوختۇرلارنى ۋە قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق قىزىل 8 - تۇەننى قايتۇرۇۋەتكەن، ھۆكۈمەتتە خىزمەتلەرگە ياردەم بېرىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى تۇتۇپ نەزەربەنت ئاستىغا ئالغان. قىسقىسى، شېڭ شىسەينىڭ ئېتىقادىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن ئۆزگىرىشىدىن، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى — روھىي دۇنياسىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن ماركسىزم - لېنىنىزم، سەنمىنجۇيى دېگەنلەرگە ئىشەنگەن ۋە ئىشەنمىگەن، پايدىلانغان ۋە چۆرۈۋەتكەن. ئۇنىڭ بارلىق سىياسىي ستراتېگىيىسى ھوقۇق ئۈچۈن بولۇپ، بارلىق تەدبىرلىرى پەقەت ھاكىمىيەتنى مەركەز قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ يۇرتدىشى، ئاغىنىسى شۇلىيەنگە ئاشكارا ھالدا تەپ تارتماستىن: «ئادەم دېگەن ھەم بۇيرۇقمۇ چۈشۈرەلەيدىغان، بۇيرۇقمۇ ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك؛ «ئىنقىلاب» قىلىشنى ئويلىغان ئىكەنسەن بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان بولۇشۇڭ كېرەك، بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان ئورۇننى قولغا كەلتۈرەلىسەڭ مانا بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ ئەقەللىي شەرتى؛ گەرچە سېنىڭ بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان دائىرەڭ چوڭ بولمىسىمۇ، ئۇنى چوڭايتىش ئۈچۈن ھامان پۇرسەت تېپىشىڭ كېرەك»[11] دېگەن. بۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز شېڭ شىسەينىڭ ئەزەلدىنلا قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، سەپەر قىلىش (شىنجاڭغا كىرىش) — چېگرا رايونغا بېرىپ ۋەزىيەت يارىتىپ، «بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان ئورۇن»نى قولغا كەلتۈرۈپ، يەرلىك پادىشاھ بولۇش نىيىتىنى تەلتۆكۈس ئېچىپ بېرىدۇ.

## شېڭ شىسەينىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا تۇرغان 14 يىل ئىچىدە، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقتى 12 يىل بولغان. ئۇ «بۇيرۇق چۈشۈرەلەيدىغان ئورۇن»نى قولغا كەلتۈرۈش ھەم ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ئۈچۈن باشقىلارغا ۋاقتىنچە نومۇسسىزلارچە باش ئېگىپ، پۇرسەتنى تاقەت قىلىپ كۈتكەن، ئۇ «سۇيىقەستلىك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئەنزىسى»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، بىگۇناھ ئادەملەرنى نابۇت قىلغان.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا جىن شۇرېننىڭ «ئۆز مەزھەپى ۋە يۇرتداشلىرىنى بىرلەشتۈرۈش سىياسىتى» نىڭ ئىچىدىكى ئادىمى بولمىغانلىقتىن، پەقەتلا سەنمۇلۇق ھوقۇقى بېرىلىپ، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىلمىگەن ئىدى. ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇشىن ھەم مۇھاپىزەتچىلەر تۈەنىنىڭ باشلىقى سۈي جاۋجىلارنىڭ زەربىسىگە كۆپ قېتىم ئۇچرىغان، ھەتتا ئۇنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ سەنمۇلار باشقارمىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولۇشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى. شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ خورلانغانلىقىنى كۆڭلىدە ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى «چوڭ ئىشلىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش» ئۈچۈن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چوڭ سۈيىقەستلەرنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى.

شېڭ شىسەي دائىم: «چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قاتتىق قول بولۇش كېرەك» دەپ يۈرگەن. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى تاكتىكىسىنىڭ بىرىنچىسى، مەيلى ئۇ فېئودال ياكى ئىلغار بولسۇن گۇرۇھلارنى چەتكە قېقىش؛ ئىككىنچىسى، چوڭ ھوقۇق قولدىن كېتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەمىر - پەرمانلارنى ئۆزى چۈشۈرۈش؛ ئۈچىنچىسى، بارلىق ئىمكانىيەتلەر ئارقىلىق يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى ئەپلەشتۈرۈپ، ھەرقانداق كىشىنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچراتماسلىق ئىدى. ئۇ بارلىق گۇرۇھلارنى چەتكە قېقىپ، جەمئىيەتتىكى فېئودال كۈچلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە تازىلاپ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن، ھەرقايسى ئۆلكىلەردىن كەلگەن يۇرتداشلار جەمئىيىتىنىمۇ تازىلاپ، ئۇلارنى بۇيرۇق بىلەن تارقىتىۋەتكەن. ئۇ يېڭى ھاكىمىيىتىنى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن خۇاڭ مۇسۇڭ باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن تىنچسىزلىق ۋەزىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، زىنىچۇەندە ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرىنى تار - مار قىلىپ، شۇ قېتىملىق غەلىبە شۆھرىتىدىن پايدىلىنىپ، 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئالدىن بەلگىلەپ قويغان ماجۇڭيىڭ قىسمىغا قوغلاپ زەربە بېرىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، قوشۇننى باشلاپ تۇيۇقسىز شەھەرگە قايتىپ كىرىدۇ، لى شياۋتيەن، چېن جۇڭ، لۇ يۈلىن، مادېشەنلەرنىڭ ئىككى تۈەنى بىلەن مەخپىي ھەرىكەت قىلىپ، يالغاندىن خائىنلىق قىلىش جىنايىتى ياساپ ۋە ئاتالمىش سۈيىقەستچى تەشكىلاتقا قاتناشقانلارنىڭ بىر پارچە تىزىملىكىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ شەرقىدىكى باغچىدا ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن ئېچىپ، «12 - ئاپرېل» دىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغىغان چېن چۇڭ، لى شياۋتيەن، تاۋمىڭيۇ قاتارلىقلارنى نەق مەيداندا تۇتۇپ، باغچىنىڭ غەربىي قىسمىدا ئەۋەتكەن. شۇ ئارقىلىق گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا نۇرغۇن خادىملارنى ئەۋەتىپ، كونترول قىلىشتەك خۇپىيانە ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەرگەن. شىنجاڭنى ۋە مەملىكەتنى قاتتىق چۆچۈتكەن «خەت - ئالاقە ئارقىلىق ئازدۇرۇپ قالايمىقان قىلىش ئەنزىسى» شېڭ شىسەينىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سۈيىقەست ئىشلىتىپ، سىياسىي رەقىبلىرىگە زەھەرلىك قولىنى سو-
زۇشتەك جاللاتلىق قىلمىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر.

شىڭ شىسەي ئىچكى قىسمىنى رەتكە سېلىش جەريانىدا، ياپونغا قارشى تۇرۇۋات-
قان شەرقىي - شىمال ئارمىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش ئىكەنلىكىنى
چوڭقۇر چۈشەنگەن. لېكىن ياپونغا قارشى شەرقىي - شىمال ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىي مۇ-
رەككەپ ئىدى. مۇۋەققەت لۈيجاڭ جىن رۇنچېڭنىڭ قارانىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئىرا-
دىسى تۇراقسىز بولغاچقا، ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەرگە بالدۇرراق قايتىپ كېتىش ئارزۇسى
بار ئىدى. بۇلاردىن باشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلاردىن يىلى جەنبياۋ،
ياڭ ياۋجۈن، سوگو قاتارلىقلار يەرلىك ئەرباپلار بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، ئىلىدا بە-
شىنچى دۆۋىزىيىنىڭ سەنمۇجاڭى بولۇپ قالغان، ياپونغا قارشى تۇرىۋاتقان شەرقىي -
شىمال ئارمىيىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ شياۋجى بىلەن ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرۇپ، بىر قانچە-
لىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.
شىڭ شىسەي ياپونغا قارشى تۇرۇۋاتقان شەرقىي - شىمال ئارمىيىسىنى ئىدارە قىلىپ
تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلارنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ
بېرىپ، بىر قانچىلىغان ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلارنى تېزلا
قولغا كەلتۈرىۋالغان. بۇ چاغدا ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئەسكەر باشلاپ كې-
لىپ، شەھەرنى تارتىۋالماقچى بولىۋاتاتتى. شىڭ شىسەي دەرھال قوشۇننى ما جۇڭيىڭ
ئەسكەرلىرى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. 9 - ئايدا
بولغان داۋانچىڭ جېڭىدە، ياپونغا قارشى شەرقىي - شىمال ئارمىيىسىنىڭ باشلىقى ھا-
لاك بولغانلىقتىن، ئەسكەرلىرى بۇيرۇققىمۇ قارىماستىن شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ.
شىڭ شىسەي يالغاندىن ھەربىي ئىشلار يىغىنىنى چاقىرىپ، يىغىندا جىن رۇنچېڭ قاتار-
لىقلارنى تۇتقۇن قىلىدۇ. شۇ كۈنى يەنە جىن رۇنچېڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن ھەربىي
ساھەدىكى ئەرباپلاردىن 20 كىشىنى قولغا ئېلىپ، جەڭدىن قاچقان دېگەن جىنايى
بەتنام بىلەن كېيىن ئېلان قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلارنى مەخپىي ھالدا ئالاھىدە
تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. جىن رۇنچېڭ قاتارلىقلار تۇتۇلغاندا، شەرقىي - شىمال ياپونغا
قارشى تۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھېچقانداق تەۋرىنىش بولمايدۇ. بۇ
شىڭ شىسەينىڭ شەرقىي - شىمال ياپونغا قارشى تۇرۇش ئارمىيىسى ئىچىدە ئېلىپ بارغان
پارچىلاش ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، شىڭ شىسەي ئاق ئورۇس ئارمىيىسى لۈيجاڭى پاپىنگوت، تۇەن باشلىقى
گېمپىركىنلارنى تۇتۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئۆزى
بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان ئۆلكە رەئىسى ليۇۋىنلۇڭنى نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىپ،
ياشىنىپ قالغان جۇ رۇيچىنى ليۇۋىنلۇڭنىڭ ئورنىغا ئۆستۈرىدۇ. شىڭ شىسەي مۇشۇ پۇر-
سەتتىن پايدىلىنىپ قاتتىق قوللۇق بىلەن كەلگۈسىدە ئۆزىگە يوشۇرۇن ئاپەت كەلتۈر-
ىدىغان سىياسىي رەقىبلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنىدى.

شېڭ شىسەي ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غەربىدە
يەنى ئىلىدا ھەربىي ھوقۇقنى تۇتۇپ جاڭ پېيىيۈەن، تۇرپان، پىچان، توقسۇنلارنى ئىگى-
لەپ ماجۇڭيىڭ تۇراتتى. بۇ ئىككى تەرەپ ئۈرۈمچىگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشنى ۋە-
دىلەشكەن بولۇپ، شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىگە ئېغىر تەھدىت كەلتۈرۈۋاتاتتى. 1933 -
يىلى 12 - ئايدا، جاڭ پېيىيۈەن چوڭ قوشۇننى باشلاپ شەرقتىن ئۈرۈمچىگە كىرىپ
كېلىدۇ، ئالدىنقى قىسىم شىخونى تېزدىن ئىگىلىۋېلىپ ئۈرۈمچىگە قىستاپ كېلىدۇ. مۇ-
شۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى
ئۈچۈن ئەسكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. سوۋېت قوشۇنلىرى قور-
غاستىن زور تۈركۈمدە كىرىپ غۇلجىنى ئىگىلىۋالىدۇ. بۇ چاغدا جاڭ پېيىيۈەن تۇيۇق
يولغا كىرىپ قالىدۇ - دە، ۋەسىيەتنامە يېزىپ قالدۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۋالىدۇ. ئۇنىڭ
ئەسكەرلىرى ياڭ جىنجۇڭنىڭ باشچىلىقىدا، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىپ، ماجۇڭيىڭغا
قوشۇلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەيگە قارشى ئىلىدىكى كۈچلەر يوقىتىلىدۇ. 1934 -
يىلى 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا ماجۇڭيىڭ قوشۇننى باشلاپ ئۈرۈمچىگە يېقىن جايغا
ھۇجۇم قىلىپ، ئۈچ كۈن ئىچىدە شەرقىي قوۋۇق سىرتىدىكى ئايرودروم بىلەن سىمسىز
رادىئو ئىستانسىنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. قوشۇن شەھەرگە يېقىنلىشىدۇ. شېڭ شىسەي ئاش-
لىق ۋە ئوت - چۆپتىن ئۈزۈلۈپ قىلىپ، سىرتتىن ھېچقانداق ياردەم بېرىلىدىغان ئەس-
كەر بولمىغان مۇشۇنداق ئىنتايىن جىددىي پەيتتە، ئۆزى بىۋاسىتە تەرجىمانى چېن خەن
بىلەن بىللە سوۋېت كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەسكەر چىقىرىپ يار-
دەم بېرىشىنى سورايدۇ. 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، زور تۈركۈمدىكى سوۋېت ئەسكەرلىرى
«ئالتاي ئۆزلەشتۈرۈلگەن رۇس ئارمىيىسى» دېگەن نام بىلەن چۆچەكتىن كىرىپ، شېڭ-
شىسەينىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىگە ياردەم بېرىدۇ. ماجۇڭيىڭ، سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ ئاي-
روپىلان ۋە برونېۋىك قىسىملىرى بىلەن سۈرۈپ توقاي قىلىشى ئاستىدا ئامالسىزلىق-
تىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كېتىدۇ. ماجۇڭيىڭ چوڭ ۋەزىيەتنىڭ قولدىن كەتكەن-
لىكىنى كۆرۈپ، قەشقەردە سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن،
قالدۇق ئەسكەرلىرىنى قىسىم ئەمەلدارى ماخۇشەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، خوتەنگە قاراپ
يولغا چىقىدۇ. ئۇ 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى مەسلىھەتچىلىرى بولۇپ جەمئىي 280 ئادەمنى
ۋە زور تۈركۈمدىكى قىممەتلىك مال - مۈلۈكلەرنى ئېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى-
ئىچىگە چېكىنىپ كىرىپ كېتىدۇ. شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش -
تارتىش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى قىيىن ئەھۋالدا قالغان پەيتتە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەر
چىقىرىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن قوراللىق جاڭجال چىقىرىپ، ئۆزەكگە
سوقۇشتۇرىدىغان جاڭ پېيىيۈەن، ماجۇڭيىڭلارنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ياردەم بېرىش نەتىجىسىدە،
شېڭ شىسەينىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان يېقىن مۇناسىۋىتى كۈنسايىن قويۇقلاش-

قان. بولۇپمۇ شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئابرويى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىدىن ئېغىز ئېچىش دەرىجىسىگە يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا باش ئېگىپ، چوڭ - كىچىك ئىشلاردا ئالدى بىلەن سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ئۇنى يولغا قويىدىغان بولغان. ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى «ئۆزئارا تىنچ ئۆتۈش»تىن ئىبارەت چېگرا سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىگە تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن يار - يۆلەكتە بولغان. سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شىنجاڭدا «بۈيۈك ئالتە سىياسەت»نى يولغا قويۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي تەپتىش ئالىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنى تەسىس قىلىشىغا ياردەم بېرىشنى، سوۋېت ئىتتىپاقى 25 نەپەر ھەرمىللەت كوممۇنىستلىرىنى شىنجاڭغا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ئەۋەتىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. 1935 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن خادىملار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان سەممىي سادىقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىبات باشقارمىسى باشلىقلىق ۋەزىپىسى بىلەن شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭلىق ۋەزىپىسىنى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ شۇچېڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ۋە ئۆز سىڭلىسى شېڭ شىتۇڭنى ۋاڭ شۇچېڭغا ياتلىق قىلغان. سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ باشقا ئەزالىرىدىن ۋەنشەنتىڭ، جاڭ يىۋۇ، قادىر قاتارلىقلارنىمۇ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى يەنە ھەربىي ئىشلار، مالىيە، قاتناش مەسلىھەتچىلىرىنى ھەم دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، شېڭ شىسەينىڭ تەدبىر بېكىتىپ، ئىچكى قىسمىنى، مالىيەنى، ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ، قاتناش يوللىرىنى ئېچىشىغا ياردەم بەرگەن. شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەسلىھەتچى، مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، بىرىنچى ئۈچ يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، 1937 - يىلغا بارغىچە 70% پىلانىنى دېگەن قەرەلدە ئورۇنلاپ بولغان.

شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭنى قورۇشتا قولغا كەلتۈرگەن دەسلەپكى ئۇتۇقلىرى ئۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق بىر قانچە جەھەتلەردە ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە دەسمايىگە ئىگە قىلغان، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىشىگە ھۇل سالغان.

1937 - يىلى «7 - ئىيۇل ۋەقەسى»دىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپونغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ رەسمىي شەكىللىنىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىشەي بىلەن بولغان ۋاقىتلىق دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق شېڭ شىسەي بىلەن شىنجاڭدا بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىدۇ ھەمدە شېڭ شىسەينىڭ تەكلىپى بويىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىلگىرى -

كېيىن بولۇپ دېڭ فا، چېن تىيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق 100 دىن ئارتۇق كوممۇنىستنى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. كوممۇنىستلار ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىدە تولۇپ-تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدىكى خىزمەت ئىشلەش روھى بىلەن بىرىنچى، ئىككىنچى ئۈچ يىللىق قۇرۇلۇش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال ياردەم بېرىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنى زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىدۇ. كوممۇنىستلارنىڭ قوشقان تۆھپىلىرىگە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىردەك ئاپىرىن ئوقۇغان.

شېڭ شىسەي ۋەھشىي، ياۋۇز، گۇمانخور ئىدى. ئۇ 1938 - يىلى ھاكىمىيەت ئۈستىدە مەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇۋالغان، ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنگەنىدى. ئۇ بۇ چاغدا شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىپ، شىنجاڭغا پادىشاھ بولۇۋېلىپ زومىگەرلىك قىلىش، مۇستەقىل بولۇۋېلىپ، سوۋېتنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلىتى ئىچىدە ئەكسىيەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشتا، كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقىنى ئۆتكۈزگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ خىزمەتلەرگە ياردەم بەرگىلى كەلگەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تىروتسكىچىلارغا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن 25 نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىنى تۇتقۇن قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆز سىڭلىسىنىڭ يولدىشى ۋاڭ شۇچېڭنىمۇ قوغلىۋېتىدۇ، بۇ كىشىلەر كېيىن دەھشەتلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇندىن كېيىن شېڭ شىسەي ئارقا - ئارقىدىن جىنايى بەتنامىلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ «جاڭ شىڭنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىك ئەنزىسى»، «دۇجۇڭيۈەننىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىك ئەنزىسى»، «12 - ئاپرېل كوممۇنىستلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىك ئەنزىسى» قاتارلىق ئەنزىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ئۆزىگە يات بولغان كۈچلەرنى ئۇجۇقتۇرۇپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىدۇ. شېڭ شىسەي ھەر قېتىم «توپىلاڭ كۆتۈرۈش سۇيىقەستلىك ئەنزىسى» دېگەن بىر ئەنزىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، بىر نەچچە 100 ئادەمگە چېتىلاتتى، ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرايتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئاھالىسى 80 مىڭغا يەتمەيدىغان ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا نەچچە ئون تۈرمە سېلىنغان بولسىمۇ، جىنايەتچىلەر تۈرمىلەرگە پاتماي قالاتتى. شېڭ شىسەي مۇنداق دېگەن ئىدى: «سىياسىي رەقىبلەرگە زەھەرلىك قول سېلىش كېرەك، ئۇلارغا رەھىمدىللىك قىلىشقا بولمايدۇ». ئۇ يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ناھەق چوڭ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان. بىرىنچى قېتىمدا، ياڭزېڭشىن، جىن شۇرېن زامانىسىدىكى كونا ئەمەلدارلار ئۇنىڭ قىلچە ئاستىدا ھالاك بولغان، ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا، ئۆزى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ جاپادا بىرگە بولغان بىگۇناھ يېقىن تۇغقانلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى، ھەم شىنجاڭدىكى ئاتاقلىق ئەربابلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن؛ ئۈچىنچى قېتىملىق ناھەق چوڭ قىرغىن

چىلىقتا، مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلاردىن چېن تىيەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلارنى تۈرمىدە ئۆلتۈرگەن.

بىز شېڭ شىسەينىڭ ئۈستىدىن، كېلىپ چىقىشى مىلىتارىست، ئىدىيىسى يەرلىك پادىشاھ بولۇش، ھەرىكىتى قارانىيەت، سۇيىقەستلىك، قاتىللىق قىلىشتىنلا ئىبارەت دەپ قىسقىچە خۇلاسە چىقىردىمىز.

«باشقىلارنى قەستلىگەنلەر ئاخىرى ھېسابتا ئۆزى ھالاك بولىدۇ، خالاس!» 1944 - يىلى باھاردا فاشىزمغا قارشى دۇنيا ئۇرۇشى ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ياسىدى. شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان تەييارلىق قىلىپ تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى 9 - ئايدا ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدە بىرىنچى ئوقنى ئېتىپ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، شېڭ شىسەي ئۈستىدىن جازا يۈرۈشى قىلدى. شېڭ شىسەي ئىنتايىن ئالاقزادىلىك ئىچىدە، شىنجاڭدىكى مىلىتارىس. ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئىزاھلار:

① «دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» خەنزۇچە نەشرى 208 - بەت.
② «3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلەر توپلىمى» خەنزۇچە نەشرى 412 - بەت.

③ ئاق ئورۇس ئارمىيىسى: 1931 - يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن. ئۆلكە ئارمىيىسى چىرىكلىشىپ، جەڭگىۋارلىقى كەمچىل بولغانلىقتىن، روسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭدىن چېكىنگەن ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىدىن تەركىب تاپقان 400 كىشىلىكتىن ئارتۇق ئادىمى بار قوشۇننى كۆرسىتىدۇ.
④ جۇ دۇڭجياۋ: «شىنجاڭدىكى 10 يىل» 11 — 12 - بەتلەر.
⑤ جۇ دۇڭجياۋ: «شىنجاڭدىكى 10 يىل». 13 - بەت.
⑥ «سەككىز چوڭ خىتابنامە»: مىللەتلەر باراۋەر بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش. يېزىلاردا نامراتلارنى قۇتقۇزۇشنى يولغا قويۇش، مالىيەنى رەتكە سېلىش. يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئېنىقلاش. مائارىپنى كېڭەيتىش. ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش. ئەدلىيىنى ئىسلاھ قىلىش.
⑦ «توققۇز تۈرلۈك يېڭى ۋەزىپە»: دىيانەتلىك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇپ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. ئۇرۇشتىن خالى بولۇپ تىنچلىقنى توغداش. پۈتۈن ئۆلكە خەلقىنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلىش. قاتناش يوللىرىنى راۋاجلاندۇرۇش. شىنجاڭنى مەڭگۈ جۇڭگو زېمىنى قىلىش. جاھانگىرلىككە، فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە سوۋېتكە يېقىنلىشىش سىياسىتىنى مەڭگۈ ساقلاش. يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش، ھەر مىللەت ۋاڭ - گۇڭ، ئاخۇن، لامالارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى قوغداش.
⑧ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» 6 - توپلام، 46 - بەت.
⑨ «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» 6 - توپلام 26 — 27 - بەتلەر.
⑩ لى فەنجۇن: «گومىنداڭ شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەتتە يىل»، 7 - بەت.
⑪ ۋېن يېرەن: «شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى شىنجاڭ»، 2 بەت.

ئىبراھىم تەرجىمىسى.

# ئېلىمىزدىكى ئېستېتىك ئېقىملار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەققىدە

مەمتىلى دانى

ئېستېتىكا ئىلمىي گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە يەنىلا ئىزچىل داۋام قىلماقتا. بۇ بەس-مۇنازىرىنى ئېستېتىك ئوبيېكتنىڭ ئۆزىگە خاس تۈرلۈك ئالامەتلىرى، ئېستېتىك سۇبيېكتنىڭ ئوخشىمىغان ئىنكاسچانلىق ئالاھىدىلىكلىرى، ئېستېتىك ئوبيېكت بىلەن ئېستېتىك سۇبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خىلمۇ خىللىقى، ئېستېتىك ئوبيېكت ۋە ئېستېتىك سۇبيېكتنىڭ مۇقىم ھەم ئۆزگىرىشچان خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىق بىرمۇنچە تەرەپلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان. ھەرقايسى ئەللەردىكى ئېستېتىك ئېقىملار دەل مانا مۇشۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى تالاش-تارتىشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن. شۇڭا گۈزەللىكنىڭ نېمىلىكى ۋە گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى ئېستېتىكىدا ئەڭ مۇھىم ئەمما كۆز قاراش جەھەتتە تېخىچە بىرلىككە كېلىنمىگەن مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، «ماھىيەت» دېگەن بۇ پەلسەپىۋى كاتېگورىيە «ھادىسە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككىنچى بىر كاتېگورىيىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئىدىن پەرقلىنىدىغان ئىچكى، ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى ياكى مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى ئەمەلىيەتتە گۈزەللىك زادى نېمە دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ، قانداق شەيئى گۈزەل ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل بولمىغان شەيئىدىن پەرقى زادى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. گۈزەللىك زادى نېمە؟ دېگەن بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى گۈزەللىك قەيەردە؟ دېگەن مەسىلە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. دېمەك، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن گۈزەللىك قەيەردە؟ يەنى ئۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىمۇ؟ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدىمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ بىرلىكىدىمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىنى تۈپ نۇقتا قىلغان ھالدا شەكىللەنگەن ئېستېتىك ئېقىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى ئالدى بىلەن گۈزەللىك قەيەردە؟ دېگەن مەسىلىدىن باشلىنىدۇ.

هازىر دۇنيادا گۈزەللىكنىڭ قەيەردىلىكى مەسىلىسى ھەققىدىكى كۆزقاراشلارنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئەللەردە تۈرلۈك نام ۋە تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنمەكتە، ئەمما ئۇلار ئۈچ ياكى تۆت ماھىيەتلىك ئېقىمغا مەركەزلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. تۆۋەندە بىز نۇقتىلىق ھالدا ئېلىمىزدىكى ئېستېتىك ئېقىملارنىڭ ۋەكىللىرى، ۋە ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئېلىمىزدە ئېستېتىكا بىلەن تونۇشۇش مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا باشلانغانىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى جوگۇاڭچيەن غەرب بۇرژۇئا ئېستېتىكىسىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىدېئالىستىك ئېستېتىكىنى تەرغىپ قىلدى. 1947-يىلى سەيىي «يېڭى ئېستېتىكا» ناملىق ماقالە يېزىپ، جوگۇاڭچيەننىڭ ئىدېئالىستىك ئېستېتىكىسىنى تەنقىد قىلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە «ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» بۇ ئىككەيلەننىڭ بىر-بىرىنى تەنقىد قىلىپ يازغان ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ تۇردى. 1953-يىلى لۈيىڭ ماقالە ئېلان قىلىپ سەيىينىڭ «يېڭى ئېستېتىكا» سىنى تەنقىد قىلدى. بىراق تەسىر قوزغىيالمىدى. 1956-يىلى جوگۇاڭچيەن «ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيەمدىكى ئەكسىيەتچىلىك» دېگەن ماۋزۇدا ماقالە يېزىپ، ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلدى ۋە ماركسىزملىق ئېستېتىكىنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى»، «خەلق گېزىتى»، «پەلسەپە تەتقىقاتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، سەيىي، خۇاڭياۋمىيەن، خېلىن، مىنزې، ساۋجىڭسۇەن، ۋاڭزىپى قاتارلىقلارنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، ئاساسلىقى گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇگۇاڭچيەننىڭ ئىدېيالىزمچە ئېستېتىك ئىدىيىسىگە بولغان تەنقىدنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى، ئېستېتىك تۇيغۇ، ئېستېتىكىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ۋە تەبىئىي گۈزەللىك قاتارلىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇھاكىمىلەر كەڭ ئەۋج ئېلىپ، ئوخشىمىغان ئېقىملار شەكىللەندى.

ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئېستېتىكىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى. 70-يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ئېستېتىكىغا قىزىقىدىغان ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئېستېتىكىدىكى تۈپ مەسىلىلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەرمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىشقا يۈزلەندى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ھەرقايسى ئېقىملارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى يەنىلا 1956-يىلدىن 1961-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەكىللەنگەن ئاساسىي قاراشنى دەۋر قىلماقتا. ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئالغاندا، بەزى يېڭى تولۇقلاشلار بولدى. جۇڭگودا ھازىر تۆت چوڭ ئېستېتىك ئېقىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئوبيېكتىپلىق ئېقىمى، بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىلى سەيىي بولۇپ، ئۇ، گۈزەللىك

ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتە؛ گۈزەللىك تىپىكلىكتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇ: «شەيئى ئوبرازىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەسىرلەنگۈچى كىشىگە تايانمايدۇ، شەيئى ئوبرازىدىكى گۈزەللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىمۇ لەززەتلەنگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىغا بېقىنمايدۇ.» دەيدۇ ۋە بۇنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دېيىلىدىغان ئوبيېكتىپ شەيئىدىكى گۈزەللىك لەززەتلەنگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ رولىدا ئەمەس، بەلكى شۇ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ. ئوبيېكتىپ شەيئى گۈزەللىكنىڭ ئوبراز مۇناسىۋەتتى ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىدىكى ماھىيىتىدە بولىدۇ. مەسىلەن، قەھرىمان شەخسلەردىكى گۈزەللىك ئوبرازى ئۇنىڭ ئەمەلىي خىسلىتىدە بولۇپ، ئۇ تاماشىبىننىڭ كۆزقارىشى ئارقىلىق بەلگىلەنمەيدۇ.»، گۈزەللىك دېگەن نېمە، دېگەن بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئۇ: «گۈزەل نەرسىلەر تىپىك نەرسىلەردۇر... گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى شەيئىنىڭ تىپىكلىكىدۇر،» يەنى «گۈزەل شەيئىلەر ئۆزگىچىلىكلىرى ئارقىلىق ئومۇمىلىقلىقىنى ۋە مۇقەررەرلىكىنى، كونكرېت كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى روشەن ئىپادىلەيدىغان تىپىك شەيئىلەردۇر.» ۋاھالەنكى، «تىپىك شەيئىلەر ئۆزلىرىدىكى خاسلىق بىلەن ئومۇمىلىقنىڭ بىرلىكى ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، چوڭ جەھەتتىن ئالغاندا ئومۇمىلىق ئاساسىي ۋە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ، خاسلىق بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا ئومۇمىلىقنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ ھەمدە ئومۇمىلىقنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپمۇ تۇرالايدۇ.» دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ، تىپىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى گۈزەل بولىدۇ، ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەر مەڭگۈ ئۆز گۈزەللىكىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئېستېتىك تۇيغۇ پەقەت گۈزەللىكنىڭ ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ گۈزەللىككە تەسىر ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. گۈزەللىك ئىجتىمائىي ئاساسنىڭ ئىنكاسى ئەمەس، قەدىمكىلەر گۈزەل ھېسابلىغاننى ھازىرقىلارمۇ گۈزەل ھېسابلاۋېرىدۇ، ئۇ ئۆزى ئىنكاس قىلغان ئاساسنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقۇلۇپ كەتمەيدۇ، گۈزەللىك مەڭگۈ ئوبيېكتىپ بولىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

سەيىي يېقىنقى يىللاردا يازغان «ماركس گۈزەللىك مەسىلىسىنى زادى قانداق بايان قىلغان» قاتارلىق ماقالىلىرىدا يەنىلا ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىۋىزملىق گۈزەللىك نەزەرىيىسى ۋە «گۈزەللىك تىپىكلىكتۇر» دەيدىغان قارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرى جۇگۇاڭچيەن، لى زېخۇ، جياڭكۇڭياڭ، خۇڭيىرەن، ليۇگاڭجى قاتارلىقلارنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. سەيىي گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتى مەسىلىسىنى ماتېرىيالىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىزاھلىماقچى بولىدۇ. بىراق كونكرېت بايانلىرىدا بولسا ئۇنىڭغا مېخانىك ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيە تۇتىدۇ.

2. سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىقنىڭ بىردەكلىكى ئېقىمى. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىلى جۇگۇاڭچيەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېستېتىكىنى قانداق قىلغاندا ماتېرىيالىزملىققا ۋە دىئالېكتىكىلىققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ»، «گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بىلەن سۇبيېكتىپلىقىنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا»، «ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئىنساننىڭ دۇنيانى

بەدىئىي جەھەتتىن ئىگىلىشى»، «ئېستېتىكىدا ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزمنىڭ كۆرۈشى» ناملىق ماقالىلىرى ئارقىلىق گۈزەللىك ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس بەلكى سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى: گۈزەللىك ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى «ماددىنىڭ ئوبرازى» دا، يەنى «سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىقنىڭ بىردەكلىكى» دە دېگەن قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ «ئېستېتىك تۇيغۇنىڭ ئوبيېكتى تەبىئىي ماددا ئەمەس، بەلكى ماددىنىڭ ئوبرازى بولغان ئىجتىمائىي ماددىدۇر.» دەيدۇ ۋە «گۈزەللىكنىڭ ھەم ئوبيېكتىپلىق، ھەم سوبيېكتىپلىق خاراكتېرى بولىدۇ؛ ئۇنىڭ تەبىئىلىك خاراكتېرى بولغانلىكەن ئىجتىمائىلىق خاراكتېرىمۇ بولىدۇ،» دېگەننى تەكىتلەيدۇ. ئۇ يەنە پەتەت سەنئەتتىلا گۈزەللىك بولىدۇ، «شۇڭا گۈزەللىك پەقەت سەنئەتنىڭلا ئالاھىدىلىكى، ئادەتتىكى تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس.» شۇنداقتا «ماددىنىڭ ئوبرازى» دېگىنىمىز «بەدىئىي ئوبراز» نى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەنئەت بىر تۈرلۈك ئاڭ فورمىسى ھېسابلىنىدۇ، بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان گۈزەللىكمۇ تەبىئىي ھالدا ئاڭ فورماتسىيىگە كىرىدۇ دەپ قارايدۇ. كېيىنچە ئۇ بۇ قارىشىدىن ۋاز كېچىپ، گۈزەللىك مەسىلىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئەمەلىيىتى نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماركسىزم رېئاللىقنى ھەم ئوبيېكتىپ جەھەتتىن، ھەم سۇبيېكتىپ جەھەتتىن كۆزىتىدۇ، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئەمەلىيەت ھاسىل بولىدۇ.» شۇڭلاشقا سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئادەم بىلەن ماددىنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، «شەيئىدىكى گۈزەللىكنىڭ بايقىلىشى ئادەمنىڭ دۇنياغا بولغان بىر تۈرلۈك مۇناسىۋىتىنى، يەنى ئېستېتىك مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. جۇگۇاڭچيەننىڭ قارىشىدا سۇبيېكتىپلىق كۆپرەك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇبيېكت بىلەن ئادەمنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن سەنئەت پائالىيىتىنى تەڭلەشتۈرۈپ قويۇشتەك مۇجمەل تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس. شۇڭا جۇگۇاڭچيەننىڭ سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىقنىڭ بىردەكلىكى قارىشى سەيپى، خۇڭ يىرەن، لى زېخو قاتارلىق ئېستېتىكلارنىڭ تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. گەرچە كۆپلىگەن كىشىلەر جۇگۇاڭچيەننىڭ نۇقتىئىنەزىرىگە قوشۇلمىسىمۇ ئەمما ئۇلار ئۆز قاراشلىرى ۋە بايانلىرىدا سۇبيېكتىپلىق بىلەن ئوبيېكتىپلىقنىڭ بىردەكلىكى نەزەرىيىسىگە يېقىنلىشىپ قېلىشتىن ھەمىشە دېگىدەك ساقلىنالمايۋاتىدۇ.

3. ئوبيېكتىپلىق بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىردەكلىكى ئېقىمى، بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىلى لى زېخو بولۇپ، ئۇ گۈزەللىك ھەم ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ھەم ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئوبيېكتىپچانلىق بىلەن ئىجتىمائىيلىقنىڭ بىرلىكىدۇر دەپ قارايدۇ. «گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپچانلىقى ۋە ئىجتىمائىيلىقى»، «گۈزەللىك تۇيغۇسى، گۈزەللىك ۋە سەنئەت توغرىسىدا»، «ئېستېتىكىدىكى ئۈچ مەسىلە ھەققىدە مۇلاھىزە» قاتارلىق ماقالىلىرىدا «گۈزەللىك ياخشىلىققا ئوخشاشلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ-

لار پەقەت ئادەم ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈنلا ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن ئىلگىرى ياخشىلىق ۋە قاباھەتلىك دېگەن نەرسە بولمىغىنىدەك ئالەم، بوشلۇقتا گۈزەللىك ۋە خۇنۈكلۈك دەپ ئاتالغان نەرسە بولمىغان.» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، چېرنىشېۋسكىنىڭ «گۈزەللىك تۇرمۇش دېمەكتۇر» دېگەن قارىشىنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ، ئەمما يەنە ئۇنىڭ ئىنسانىيەتچىلىك پرىنسىپىنى قوللىنىپ، «تۇرمۇش» نى ئابستراكت ۋە بىئولوگىك نۇقتىدىن ئىزاھلىغانلىقىنى تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ پەقەت ماركسىزمنىڭلا تۇرمۇشقا «كونكرېت ئىجتىمائىي تارىخ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ مەزمۇنى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەنلىكىنى، ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قارىشىغا ئاساسەن گۈزەللىككە مۇنداق تەبىر بېرىشىنىڭ لازىملىقىنى، يەنى «گۈزەللىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتىنى، قانۇنىيىتىنى ۋە نىشانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەلكى كونكرېت ھېسسىي فورمىسى بولغان رېئال تۇرمۇش ھادىسىسىدۇر، قىسقىچە ئېيتقاندا، گۈزەللىك ھەقىقىي ئىجتىمائىي تىرەنلىك ۋە ئىنسانىي ھەقىقەت يوشۇرۇنغان تۇرمۇش ئوبرازى (ئىجتىمائىي ئوبراز ۋە تەبىئىي ئوبرازنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). گۈزەللىك ھەقىقەتنىڭ ئوبرازىدۇر.» دېيىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا گۈزەللىكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ئىككى چوڭ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرى ماھىيەت، قانۇنىيەت ۋە غايە قاتارلىق جەھەتلەردىن ئېيتقاندا، گۈزەللىكنىڭ ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىيلىق خاراكتېرى بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ھېسسىي فورمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، گۈزەللىكنىڭ يەنە كونكرېت ئوبرازچانلىقى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مۇشۇ ئاساستا ئۇ يەنە «گۈزەللىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ مەھسۇلى» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە «مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا گۈزەللىك رېئاللىقنىڭ ئەركىن شەكلى ئارقىلىق ئەمەلىيەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشى، شەكىل جەھەتتىن ئالغاندا، گۈزەللىك رېئاللىق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئەمەلىيەتنىڭ ئەركىن شەكلى» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىجتىمائىي گۈزەللىك ئاساسلىقى مەزمۇندا، تەبىئىي گۈزەللىك ئاساسلىقى شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. ۋاھالەنكى، تەبىئىي گۈزەللىك چۈشەنچىسى «ئىنسانلاشقان تەبىئەت» ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ، مۇنداق «ئىنسانلىشىش» داۋامىدا تەبىئەت بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ ۋە بۇ، ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەبىئىي ماددىغا ئىجتىمائىي مەنا بەرگەنلىكىدىن بولىدۇ.

لى زېخوۇنىڭ ئوبيېكتىپلىق خاراكتېر بىلەن ئىجتىمائىي خاراكتېرنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت گۈزەللىك قارىشى سەي يى، جۇگۇاڭچيەن، خې چىفاڭ قاتارلىقلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر لى زېخوۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا، پەقەت كونكرېت بايانلىرىدا ھەممە نەرسىنى ئىجتىمائىي خاراكتېرگە ئىگە دەۋېلىشى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان لى زېخۇ ئېستېتىكا ساھەسىدە ئاز بولمىغان نەمۇنىلىك ماقالىلارنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئۆز قارىشىنى يەنىمۇ دەلىللىدى ۋە ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئېستېتىكىسىدا بىر قەدەر زور تەسىر پەيدا قىلدى.

4. سۇبيېكتىپلىق ئېقىمى. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىلى لۈ يىڭ بولۇپ، ئۇ 1953 - يىلى «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «ئېستېتىكا مەسىلىلىرى» دېگەن ماقالىسىدا «ئوخشاش بىر نەرسىنى بەزىلەر گۈزەل ھېسابلايدۇ، بەزىلەر گۈزەل ھېساب- لىمايدۇ. ھەتتا بىر كىشىنىڭ گۈزەللىككە بولغان قارىشىمۇ تۇرمۇش جەريانىدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئىلگىرى گۈزەل دېگىنىنى ھازىر گۈزەل دېمەيدۇ؛ ئىلگىرى گۈزەل ھېسابلىمى- غانىنى كېيىن گۈزەل ھېسابلاپ قالىدۇ.» دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئۇ «گۈزەللىك ماد- دىنىڭ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىدىكى ئىنكاسى، بىرخىل كۆز قاراش»، «گۈزەللىك ئادەمنىڭ قارىشى، ئۇ ماددىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەمەس. ئادەمنىڭ كۆز قارىشى سۇبيېك- تىپ بولىدۇ» دېگەننى مۇقىملاشتۇرىدۇ. 1957 - يىلى «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلغان «گۈزەللىك دېگەن نېمە» دېگەن ماقالىسىدا ئۇ يەنىلا گۈزەللىك سۇبيېكتىپ بولىدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرىدۇ، پەقەت «كۆز قاراش» دېگەننى «ئىجتىمائىي ئاڭ» دېگەنگىلا ئۆزگەرتىپ قويىدۇ. ئۇ «گۈزەللىك ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى، ئىجتىمائىي مەۋ- جۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، ئىككىنچى خاراكتېرلىق ھادىسە» دېگەننى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇ «تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىدە گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۇك دەيدىغان نەرسە بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ گۈزەل ياكى گۈزەل ئەمەسلىكى ئادەمنىڭ ئۇلارغا بەرگەن باھاسىدىن ئىبارەت.» دەپ قارايدۇ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىك كۆز قا- رىشىنى ئوبيېكتىپلىققا ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئۇ بۇ نۇقتىنى مۇنداق ئىزاھلاي- دۇ: «ئېستېتىك ئاڭ ۋە ئېستېتىك قاراش ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت تەرىپىدىن بەلگىلە- نىدۇ.»، «ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت قانداق بولسا، ئىجتىمائىي، ماددىي تۇرمۇش شارائىتى قانداق بولسا گۈزەللىك كۆز قارىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ، مانا بۇ گۈزەللىك نۇقتىئىنەزە- زەرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى.»

لۈ يىڭ ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قارىشىنى بىرىنچىدىن چېرنىشېۋسكىنىڭ «گۈزەللىك تۇرمۇشتۇر» دېگىنىدىن كەلگەن، چۈنكى «گۈزەللىك - تۇرمۇش كۆز قارىشى ئارقىلىق ئادەم تەرىپىدىن بېرىلگەن» بولىدۇ، شۇڭلاشقا «كىشىنىڭ تۇرمۇش كۆز قارىشىغا مۇۋا- پىق كەلگەنلىكى نەرسىلەر گۈزەل نەرسىلەردۇر.»؛ ئىككىنچىدىن ماركسىزملىق پەلسەپىدىن كەلگەن، چۈنكى «ماركسىزملىق پەلسەپىدە ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئوبيېكتىپ شەيئىگە تەڭ قىلىنمايدۇ، ئىدرەك ۋە قايتا كۆرۈنۈشلەر كۆز قاراشقا تەڭ قىلىنمايدۇ» شۇڭلاشقا «ئوب- يېكتىپ مەۋجۇدىيەت، بىلەن، ئوبيېكتىپ شەيئىنى ئىدرەك ۋە قايتا كۆرۈنۈش، بىلەن گۈزەللىك قارىشىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، گۈزەللىك قارىشىنى ئوبيېكت شەيئىدىكى گۈزەللىكنىڭ شولىسى دېيىشكە بولمايدۇ. گۈزەللىكنىڭ ماددىدىكى ئالامەت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلسە، ئۇ چاغدا ئېستېتىكا تەبىئىي ھالدا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاساسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، گۈزەللىك قانۇنىيىتىنى ماددىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ - دە، بىئولوگىك ئېستېتىكا يولىغا كىرىپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ.

لۆيىڭ بىلەن بىر ئېقىمدىكى ئېستېتىك گاۋئىبرتەي گۈزەللىكنىڭ كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ تەسىراتى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تەكىتلەيدۇ، ئۇ 1957 - يىلى يازغان «گۈزەللىك ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا: «ئوبيېكتىپ گۈزەللىك زادىلا مەۋجۇت ئەمەس»، «گۈزەللىك كىشى سەزگەن بولسا مەۋجۇت، بولمىسا مەۋجۇت ئەمەس» دەيدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە ھەر قانداق بىر شەيئىدىكى گۈزەللىك ياكى خۇنۈكلۈك ئادەمدىكى سۇبيېكتىپ تەسىراتنىڭ نەتىجىسى.

لۆيىڭ ۋە گاۋئىبرتەيلەرنىڭ سۇبيېكتىۋىزىملىق گۈزەللىك نەزەرىيىسى جۇگۇاڭچيەن، سەيىيى، زۇڭ بەيخۇا، مىنيى قاتارلىقلارنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ، گۈزەللىككە پەقەت سۇبيېكتىپ تۇيغۇ ياكى سۇبيېكتىپ ھېسسىيات بويىچىلا ھۆكۈم قىلىدىغان بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ خاتالىقى روشەن ھالدا بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقى تۆت خىل ئېقىمدىن بىرىنچى خىلنى ياقلايدىغانلار ئازراق، شۇڭا بۇ ئېقىمنىڭ تەسىرىمۇ زور ئەمەس؛ ئىككىنچى خىل ئېقىمنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىرقەدەر تەسىرى بار؛ ئۈچىنچى خىل ئېقىمنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى تەسىرى خېلىلا كۈچلۈك؛ تۆتىنچى خىل ئېقىمنىڭ تەسىرى يوق دېيەرلىك.

يۇقىرىدىكى تۆت ئېقىمدىن باشقا يەنە شى چاڭدۇڭنىڭ گۈزەللىك نۇقتىئىنەزەرىنى ئېلىمىزنىڭ يېڭى دەۋر ئېستېتىكىسىدىكى بەشىنچى ئېقىم دېگۈچىلەرمۇ بار. بىراق مۇتلەق كۆپ سانلىقلار مۇنداق دېيىش پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، شى چاڭدۇڭنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرىدىن قارىغاندا ئۇ لى زېخۇ ئېقىمىغا تەۋە، ئۇنى ئايرىم ئېقىم دەپ قارىغىلى بولمايدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. چۈنكى شى چاڭدۇڭ گۈزەللىكنىڭ ماھىيىتىگە مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: «گۈزەللىك تۇرمۇش دېمەكتۇر، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى، گۈزەللىك ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئېستېتىك تۇيغۇ گۈزەللىكنىڭ ئىنكاسى.» ئۇ گۈزەللىكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق تۆت جەھەتتىن خۇلاسىلايدۇ: 1) تۇرمۇشتىكى مەقسەتدارلىق؛ 2) تۇرمۇشتىكى ئىلگىرىلەشچانلىق؛ 3) تۇرمۇشتىكى ئىجادكارلىق؛ 4) تۇرمۇشتىكى ئوبرازچانلىق. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇلار لى زېخۇنىڭ نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، بىراق تەسىرى لى زېخۇنىڭكىگە يېتىشتىن خېلىلا يىراق.

بۇ ماقالىمىزدا ئاتاقلىق سەنئەت نەزەرىيىچىسى ۋاڭ چاۋۋېننىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، گەرچە ئۇ، ئېستېتىكا ساھەسىدە بىرەر ئېقىم ياراتمىغان بولسىمۇ ئەمما كونكرېت سەنئەت مەھسۇلاتلىرىدىن زوقلىنىش جەھەتتىكى گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەتچىلىرى، كىتابخانلار ۋە ئېستېتىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇنى ئېلىمىزنىڭ ئېستېتىكا ساھەسىدە ئالاھىدە پەخىرلىك ئورۇنغا قويۇشقا بولىدۇ.

# ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت يولى ۋە ئۇنىڭ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنى

مەخمۇت زەيدى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار، تالانتلىق شائىرى — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىسقا ھاياتىدىكى بەدىئىي ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئىجتىمائىيىتىنىڭ قېنىق رەڭلىك كارتىنىسىنى سىزىپ بەردى، پۈتكۈل ئۆمرىنى خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىشقا، ھەقىقەتنى قىزغىن تەرغىپ قىلىشقا بېغىشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى باشلامچىلىرىدىن بىرى ۋە 20 - يىللاردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە تونۇلدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەملىكىتىمىزنىڭ 4 - ماي ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا خەلقنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ يېڭى ھاياتقا، ئىلغارلىققا دەۋەت قىلىشنى ئۆزىگە بۇرچ ھېسابلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇ مۇشۇ غايە سىڭدۈرۈلگەن جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن باتۇرانە كۆكرەك كېرىپ چىققانىدى. شائىر ياشىغان دەۋردە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى قاراڭغۇ - زۇلمەت ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى. ئېلىمىز يېرىم فېئودالىق، يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدىكى دۆلەت بولۇپ، يىراق چېگرىغا جايلاشقان شىنجاڭمۇ ئوخشاشلا فېئودالىق ئاسارەتتە تۇراتتى.

ئەينى چاغدا شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان مۇستەبىت — ياڭ زېڭشىن ئۇزۇن مۇددەت مائارىپ ئىشلىرىنىڭ راۋاجىغا توسقۇنلۇق قىلىپ خەلقنى نادانلىق، جاھالەت ئىچىدە قالدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىلىم - مەرىپەتتىن ئاساسەن مەھرۇم قىلغانىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئىنتايىن ئاز ساندىكى سودىگەرلەرنىڭ سىرتقا چىقىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسىي جەھەتتىن ئۈزۈك ھالەتتە ئىدى. سانائەت قاتناش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، خەلق بۇرۇنقىدەكلا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ھالىتىدە قېلىۋەردى. بۇنداق ۋەزىيەتتىن مەمنۇن بولغان ياڭ زېڭشىن، شىنجاڭنى «سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى تىنچ ماكان» دەپ ماختانغانىدى. ياڭ زېڭشىن 1927 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىزىغا دەسسىگەن جىن شۇرېنمۇ كونا تەرتىپ تۈزۈملەرنى داۋاملاشتۇردى.

نەدە زۇلۇم بولىدىكەن، شۇ يەردە زۇلۇمغا قارشى كۈچ بارلىققا كېلىدۇ. بۇ بىر قانۇنىيەت. جۇڭگونىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خۇڭ شيۇچۈەن، كاڭ يۇۋې، يەن فۇ، سۇن جۇڭشەن قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار جۇڭگو خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش يولىدا غەرب ئەللىرىدىن ھەقىقەت ئىزدىگەن ئىدى. بۇ يول شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنىڭمۇ ماڭغان يولى بولدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئىچكى ئۆلكىلەر ۋە چەت ئەللەردىن بىرەر گېزىت-ژۇرناللارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قەتئىي يول قويمىغان، تۈرلۈك يېڭى ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىشىنى تېخىمۇ قاتتىق مەنئىي قىلغانىدى. لېكىن كۈننى ئېتەك بىلەن توسقىلى بولمىغاندەك، شۇ چاغلاردا چەت ئەللەردە بولۇۋاتقان دېموكراتىك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرى، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى، شۇنداقلا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىشقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

1920-يىللاردا دېموكراتىك زاتلاردىن ئابدۇقادىر ئەزىزى قاتارلىق بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا بەزى يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، پەن-مەدەنىيەت ساۋاتلىرىنى ئاساس قىلغان دەسلەپكى دەرسلىكلەر تۈزۈلگەنىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئاقسۇ، تۇرپان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىمۇ يېڭىچە مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە قول سېلىپ ئىشلىگەن زىيالىيلاردىن ئەھمەت كامال، مەھەممەت ئىلى تەۋپىق (ئاتۇشتا)، ئابدۇقادىر ئەزىزى (قەشقەردە)، سوپى زادە (ئاقسۇدا)، ئەلى ئەپەندى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (تۇرپاندا)، ئابدىراخمان شەھىدى (غۇلجىدا) قاتارلىقلار بار ئىدى. بولۇپمۇ غۇلجىدا «دەرەنەك» (ئىلمىي-ئەدەبىي يىغىلىش) پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلىپ، شېئىر-دىكلاماتسىيە قىلىش، ناخشا ئوقۇش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى.

تارىخ تەرەققىياتىنى ئەكسىيەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە توختىتىپ ئالالمايتتى، ئەلۋەتتە. ياڭ زېڭشىن گەرچە گېزىت-ژۇرناللارنىڭ، ئىلغار ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە قاتتىق توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، ۋەزىيەت تەقەززاسىدىن، 1920-يىلى 5-ئايدا سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى ئىمزالاندى. 1924-يىلى 10-ئايدىن ئېتىبارەن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق بەش ئورۇندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتىمۇ ئالمۇتا، تاشكەنت، شەمەي قاتارلىق بەش ئورۇندا كونسۇلخانا قۇرغانلىقى بىلەن، سوۋېت-جۇڭگو مۇناسىۋىتى نورماللاشتۇرۇلۇپ سودا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغانىدى. نەتىجىدە، 20-يىللارنىڭ بېشىدىلا رۇس-سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى پۇشكىن، تولستوي، گوركى قاتارلىق يازغۇچىلارنىڭ تاتارچە، ئۆز-

بىكچە بىر قىسىم ئەسەرلىرى شىنجاڭغا كىردى، بۇ كىتابلارنى ھەر مىللەت خەلقى سۆيۈپ ئوقىدى.

شىڭخەي ئىنقىلابى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە «4-ماي» ھەرىكىتى قاتارلىق يېڭى دەۋرنىڭ سىگنالىنى چالغان ئىنقىلاب ۋە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنىڭ ئىنكاسى بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى — فېئوداللىق تۈزۈملەرنى پاش قىلىدىغان، خەلقنى ئويغىتىپ، يېڭىلىققا ئۈندەيدىغان، خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش تەلپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رېئالىستىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەندى. بۇنىڭدا كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللەر: تەجەللى، قۇتلۇق شەۋقى، مەرۇپ سەئىدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىقلار ئىدى.

شۇ دەۋردە ئىچكى ئۆلكىلەردە بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ شامىلى بىر تەرەپتىن شائىرنى ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەردار قىلسا، (ئىچكىرى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان ئىلغار گېزىت-ژۇرناللارنىڭ شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىشى ئارقىلىق) يەنە بىر تەرەپتىن رۇس تىلىنى بىلىشتەك ئەۋزەللىك شارائىت شائىرنى رۇس، ئۆزبېك، تاتار ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن بىۋاسىتە تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنداق ئوبيېكتىپ ئەھۋال شائىر ئۈچۈن ئىككى ئەلنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆز ۋەتەنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پىكرىنى يېتىشتۈردى ۋە بۇ ئارقىلىق شائىر ئىجادىيەت يولىنى تاللىۋالدى. بۇنداق ئىدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلىرىغىمۇ ئورتاق ئىدى. لۇشۈن، گومۇرولارمۇ ئەنە شۇ تىپتىكى زىيالىيلار ئىدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەتەن، خەلقنى زۇلۇم، ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — ئەدەبىيات ۋاستىسى بىلەن كۈرەش قىلىش، دەپ تونۇپ، ئىجادىيەت يولىغا جۈرئەتلىك قەدەم باسقان ۋە مۇشۇ يولدا دۇنيا قارىشىنى تىكلەپ، بېيىتىپ بارغانىدى. شائىر ئىلغار پىكىرلەر تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن كۆز قارىشى بويىچە، ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى رېئاللىقنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ۋە تەھلىل قىلىپ، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ قانداق يارىتىلغانلىقى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ زور تىرىشچانلىقلار ئارقىسىدا تۇرغۇزغان دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىيەت يولى خېلى جەۋرى-جاپالىق ۋە ئەگرى-توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەنىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيەت يولىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە بۇ يول ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن نىشانىغا يېتىش، توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەھكەملەشتە ئۈچ خىل بېسىمغا ئۇچرىغان ئىدى: بىرىنچىدىن، شائىر سودا-

گەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تۇنجىسى بولغان شائىر — ئابدۇخالىقنى «ئاتا كەسپى» گە ۋارىسلىق قىلىشقا ئۈندەيتتى ۋە كۆپ چاغلاردا قەلەم بىلەن ئازراق مەشغۇل بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئىككىنچىدىن، ئەينى زاماندىكى جەمئىيەتنىڭ قالاق كىشىلىرى شائىرنىڭ مەرىپەت، تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدىيىۋى خاھىشلىرىغا قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىشاتتى، ھەتتا شائىرغا تىل ھاقارەتلەرمۇ قىلىشاتتى. ئۈچىنچىدىن، شائىر شېئىرلىرىنىڭ خەلق ئىچىگە تېز تارقىلىپ زور ئىناۋەتكە ئېرىشىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ خەلقنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭدەك شائىرنىڭ «ئاچىل»، «ئويغان» ناملىق شېئىرلىرى خەلق ئىچىدە ئالاھىدە كۈيگە سېلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلغانلىقى سەۋەبلىك، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى «بىر بالا تېرىغۇچى» دەپ تونۇپ بەزى ھەرىكەتلەردە بېسىم ئىشلىتەتتى. شائىر تۆۋەندىكى مىسرالىرى ئارقىلىق ئەينى زاماندا خەلقنى ئىلغارلىققا ئۈندەشتە ئۆزىنىڭ قارشىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەنىدى:

پەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ، كاپىر، جەدىت دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋردە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل بېسىم ئاستىدا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بولىۋاتقىنى ناھايىتى ئېغىر ئىدى. چۈنكى شائىرنىڭ تەشەببۇسلىرى ئىسلام دىنىي ۋە فېئودال تەرتىپلەرنىڭ قاتتىق ئىسكەنجىسىدە تۇرغان بىر قىسىم كىشىلەر بولۇپمۇ مۇتەئەسسىپلەر تەرىپىدىن ئاسانلىقچە قوبۇل كۆرۈلمەيتتى، شائىرنى بۇرۇقتۇملۇق كەيپىياتقا تاشلىغانىدى.
شائىر تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا شۇنداق دەيدۇ:

تىل-ھاقارەت، تەنە-دىخمار، ۋاي دات؟ ... بۇ جاننى قىينىدى،
ئەندى نە قىلماق كېرەك، ئەجەبمۇ بولدۇم خارىمەن؟

شائىر نېمە ئۈچۈن توسقۇنلۇققا، تىل - ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ؟ ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ نامرات، ئىنتايىن قالاق ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە شۇ تۇرمۇشنىڭ تۈگۈنى بىلىمسىزلىك، نادانلىق، قانائەتچانلىق ئىكەنلىكىنى تونىغان ۋە بۇ ھەقتە جار سالغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزى ياشىغان مۇھىتنىكى رېئاللىقنى ئەدەبىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېچىپ كۆرسەتكەنىدى. شائىرنى يامان كۆرىدىغان سەلبىي كىشىلەر ئۇنىڭ قەلىمىدە ئۆزلىرىنىڭ سۈرىتىنى كۆرەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن، شائىرغا تىل - ھاقارەت ۋاسىتىلىرىنى قوللانغان ئىدى.

لېكىن، زىددىيەتلىك تۇرمۇش شائىرنى تاۋلىدى. ئۇ بۇ توغرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئېقى-ئاق، قارىسى قارا، ھەرگىزمۇ ئاق بولماس قارا،
ئاجرىسۇن مىستىن تازا ئالتۇن كۆيۈپ ئوتتا چىداپ.

ئۆز مەيدانىنى زىددىيەتلىك كۈرەش ئىچىدە مۇستەھكەملىگەن شائىر قارا كۈچلەرنىڭ بېسىمىغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى. بۇ ھەقتىكى ئىدىيىۋى ھالىتىنى مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

«دوستلىرىم» ئوۋغا چىقاردا كەلتۈرۈر مىسالىغا،
قارچىغا قۇشلار ئۇلار، مەن مىسالى سارىمەن.

يۇزمۇ-يۈز قىلماس تەئەررۇز ① كۆپ كۆكۈلچاندۇر ئۇلار،
كۆرمىسەم چاينار نىجىس، گوياكى دىل ئازارىمەن.
لا ئەقىل ② دەپ ئويلىدى، چىندىن نەزەر سالماي تۇرۇپ،
يېڭىلىپ كەتتى ئۇلار، كۆپتىن بىرى ھۇشيارىمەن.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا تىلغا ئالغان ئۆزى ھەققىدىكى ئۆسەك سۆز، پىتنە-پاسات ۋە كۆرەلمەسلىكلەر ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، جەمئىيەتتىكى غەيۋەتخورلارنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرىدىكە شائىر پەقەتلا مەسخىرىلىك، سوغاق قانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

قولىدىن كەلمەيدۇ ئىش، دەپ دائىم غىدىقلايدۇ مېنى،
مەن ئۇلارنىڭ شۇ سۆزىدىن بەكمۇ-بەك خۇنبارىمەن③

شائىرنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيەت ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كونىدىن-كونىگە يېڭىلىقنى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلققە كۆكۈل بۆلىدىغان، ئىلغار مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا چوڭقۇر نەزەر سالىدىغان جۇشقۇن كەيپىيات ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچتا يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى مەسىلەن: «ئارمان»، «غەيرەتىڭدىن ئايلىناي»، «يەجۇج مەجۇج»، «بىر پەلەكنىڭ خەمىكى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

لېنىن رەھبەرلىك قىلغان ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئۇ يەرلەردە بىر مەزگىل بىلىم تەھسىل قىلغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھەر تەرەپتىن يېتىشىدۇ، دۇنيا قارىشى، نەزەر دائىرىسى خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئوت بولۇپ يانىدۇ. يېڭى دۇنيا ۋە يېڭى

① تەئەررۇز — تېگىش، تەقلىش، قارشىلىق كۆرسىتىش. بۇ يەردە قارشى تۇرماسلىق مەنىدە
② لا ئەقىل — ئەقلى يوق.
③ خۇنبار — باغرى قان بولۇش. ئاچچىق يىغلاش

ھاياتىنىڭ تەسىرى ئۇنى ئۆز ۋەتىنىنى ھەم خەلقىنى ئەشۇنداق يېڭى بەختلىك قىلىش ئىشقىدا ياندۇرىدۇ. بۇ ھال شائىرنىڭ يالقۇنلۇق، غايىۋى، بەدىئىي يۈكسەك شېئىرلىرىنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

1920 - يىللىرىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مۇھەببەت لىرىكىلىرى بىلەن يەنە بىر قاتار باشقا بىر تۈركۈم جەڭگىۋار شېئىرلىرىمۇ تۇرپاندا كەڭ تارقالغان ۋە كىشىلەر قەلبىگە ئۆچمەس نەقىش بولۇپ چېكىلگەن.

ئاي يۈزۈڭنى بىر كۆرۈپلا،
چۈشتى جانىمغا پىراق.
سەن مېنىڭ يادىمدادۇرسەن،
ھەر قاچان. بولساڭ يىراق.

تاكى ئۇ مەنزىلگە يەتمەي،
پۈتمىگەي بۇ دەرت ئەلەم.
بەرداشۇ جانىم بىلەن مەن،
باسىمەن ئالغا قەدەم.

ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن تولۇق خەۋىرى بار شائىر ھەقىقەتنى بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن باشقىلارغا چۈشەندۈرمەكچى بولىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ناھايىتى سالماق، سۆزنى ئويلاپ، قەدەمنى ئۆلچەپ باسىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ تارىخى، خەلق قەھرىمانلىرى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلگەن. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىتىش ۋە بەدىئىي ۋاسىتىلارنى ۋە كلاسسىكلارنىڭ يار، جانان، مەي، پىراق قاتارلىق سۆزلەرنى قانداق ئۇلۇغ مەقسەتلەر يولىدا پايدىلانغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى.

ھەقىقەتنىڭ روھى قېچىپ كەتتى مېنىڭ دىيارىمدىن،
ئۇنىڭكى خۇش پۇراقى ھېچ كەتمەي بۇ دىماغىمدىن.
ئىزلىدىم كۆپ، تاپمىدىن شەجەن - روجەن① سەھراسىدىن،
ئىزدىبان تاپتىم دە - ئالدىم لېنىننىڭ گۈلباغىدىن.

مانا بۇ بىر كۇبلېت شېئىردا بىر پۈتۈن تارىخ خۇلاسىلاپ بېرىلگەن. شائىر ھەقىقەت يولىدا نۇرغۇن خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ تارىختا كۆپلىگەن ئۇنتۇلماس ياخشى ئىشلارنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، بىر زامانلاردا بۇ دىياردا ھەقىقەت، ئادالەت بولغانلىقىنى، شۇ تۈپەيلى ئۇيغۇر خەلقى جۇڭگوا مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقانلىقىنىمۇ ئەسلەيدۇ. ھەقىقەت يولىدا كۆپ قان تۆكۈلۈشلەر بولدى، لېكىن ھەقىقەتنى تاپالمىدۇق، ئۇنى ئەرەب سەھراسىدىن ئىزلىدۇق، مەككە مەدىنىگە ئىختىدا قىلىپ، ئىشەن-

چىمىزنى دىنغىلا باغلاپ قويدۇق. لېكىن شەجەن-روجەن سەھراسىدىن بىزگە ياخشىلىق كەلمىدى، ھەق-ئادالەت تېپىلمىدى، ھەقىقەتنى ئاخىرى رۇسىيىدىن، لېنىن يولىدىن تاپتۇق، دەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەن يۇقىرى پەللە، ئىنقىلاب قىلىشنى خالىغۇچى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادەت يولى قەيەردىن كېلىدۇ، دېگەن تېمىغا بېغىشلانغان شېئىردۇر. شائىر پۈتكۈل ئۆمرىنى شۇ يول ئۈچۈن سەرپ قىلغانىدى.

لېنىن يولىدىن ھەقىقەتكە ئىگە بولغان جۇڭگو خەلقى تارىختا ئۆچمەس نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى جۇڭگودا تۇنجى قېتىم ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە كۆرۈلگەن. 1919-يىلقى 4-ماي ھەرىكىتىنىڭ ئالدى-كەينىدە رۇسىيىنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى، رۇس دېموكراتلىرى — ماكسىم گوركىنىڭ ئەسەرلىرى خەنزۇچە ئەدەبىي ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغانىدى. 1907 — 1917-يىللاردا بېيجىڭ ۋە شاڭخەي شەھەرلىرىدە «يېڭى ياشلار» ۋە «شەرق ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللاردا رۇس يازغۇچىلىرىنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى چىققانىدى.

20-يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا سوۋېت يازغۇچىلىرىدىن ئابدۇللا قادىرى جولقۇنباي، ماكسىم گوركى، سەدرىدىن ئەينى قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېكچە نۇسخىلىرى تارقالغانلىقى، ئابدۇللا توقاي قاتارلىق تاتار يازغۇچىلىرىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنىڭمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا بولۇشى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. (بۇلارنىڭ ھەممىسى تاشقى سەۋەبلەر بولۇپ، ئىچكى سەۋەبلەر ئارقىلىقلا، يەنى يازغۇچىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەزىم قىلىپ، ئۇلار تەسىرىدىن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىشى ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئوينىدى دېيىش مۇمكىن).

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ئىجادىيەت يولىدا بىر قەدەر زور قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى ياراتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى مەدھىيىلەيدىغان شېئىرلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ئازاد ھاياتقا چاقىرغۇچى مىسرالارنى تىزغان شائىر ئۇيغۇر «شۇرالار ئىتتىپاقى» ۋە «بەرمەدەت» قاتارلىق شېئىرلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئوبرازلىق كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان، سوۋېت تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان، دۇنيا مەزلۇملىرىنىڭ ئازاد بولۇش يولىنى كۆرسەتكەن، جاھان ئەمگەكچىلىرىنىڭ داھىسى لېنىننىڭ بۈيۈكلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى، مۇبارەك نامىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىپادە قىلىشقا قەلبىنىڭ پۈتۈن ھارارىتىنى بېغىشلىغان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى كېيىنكى يىللاردا ئۆزبېكلەرگە تونۇشتۇرۇلغان. ئۆزبېكچە نەشر قىلىنغان «ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ۋە ئۇيغۇر ئەدە-

بىياتى»① دېگەن كىتابىتا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «بەرمەدەت» ماۋزۇسىدىكى شېئىرى مۇنداق باشلىنىدۇ:

دىلىم خەستە ھەم يارادۇر،
ئەي ھەكىم قىلغىل داۋا.
ئۆچسۇن ئۆمرۈمدىن ئەلەم، دەرد،
ھاجىتىم قىلغىل راۋا.

سەن ئەگەر ئەتسەڭ داۋا،
تۈگەر پىغانىم بىگۇمان.
شىپايىڭ مەلھەم بولۇپ،
كىرگەي ۋۇجۇد - بۇ تەن ئارا.

ئاختۇرۇپ ئالەم قۇچاغىن،
ساڭا چۈشتى كۆزلىرىم.
ساقايتقىن كۆڭلۈم ياراسىن،
بەرنىجات. بەرگىن شىپا.

ساڭا ھاجەتمەن بۇ ئۇيغۇر،
دەردىگە تاپسۇن فارىغ.
ئۇمىدىن قالدۇرما يەردە،
بەر مەدەت، بەرگىل شۇرا.

كۆرىمىزكى، بۇ شېئىردا شائىرنىڭ سوۋېت تۈزۈمىدىن ئىبارەت بۇ ھېكىم(تەبىب)نىڭ دەردمەن كۆڭۈللەرنى داۋالايدىغان ۋە يورۇقلۇق بېرىدىغانلىقى ئىخچام ۋە لىرىكىلىق ئىپادە قىلىنغان. شائىرنىڭ نەزەرىدە يېڭىلىق، نىجاتلىق يولى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە گەۋدىلەنسە، زۇلۇم - ئاسارەت جاھانگىرلىك، فېئودالىق تۈزۈمىدە گەۋدىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

ئېلىمىز ئەدەبىياتى تارىخىدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تارىخى شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىكى تارىخىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز بېيىپ كەلدى. جۈملىدىن يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ قەدىمكى، ئوتتۇرا ئەسىر كىلاسسىكىرىغا ۋارىسلىق قىلىنىپ راۋاجلاندى. ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئەدەبىيات مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتىن سىرت باشقا مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئىلغار مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىنمۇ پايدىلىق ئامىللارنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇ يول بىلەن مىللىي ئەدەبىياتىنىڭ شەكىل ھەم مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ بارىدۇ. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئۆز ئىجادىجەريانىدا شۇنداق قىلغان. ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر يازغۇچىلاردىن لۇشۇن، گومورو، شايەن، ماۋدۇن قاتارلىقلار دەستلەپكى مەزگىللەردە چەت ئەل ئەدەبى-

① 197[illegible] - يىل، تاشكەنت.

ياتنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. بولۇپمۇ 4-ماي ھەرىكىتى مەزگىلىدە رۇسىيە ئىلغار دېموكراتىك ئەدەبىياتىنى ۋە سوۋېت ئەدەبىياتىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇشنى يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ قويۇشقانىدى، ئۇلار ئۆكتەبىر ئىنقىلابى مىللەتنى ئازاد قىلىشنىڭ، ئۆز تەقدىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈمىدى دەپ قارىغانىدى. شۇڭا بۇ جەھەتتىن تونۇشتۇرۇش، تەرجىمە قىلىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان. 20-، 30-يىللاردىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ رۇس ئەدەبىياتى ۋە سوتسىيالىستىك سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن يېقىندىن تونۇشقان، ئۇنىڭدىن ئۆلگە ئالغان، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەينى زامانىدىكى دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىپ، ئىشنى ھەم قەلەم ھەم ئەلەمدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن باشلىغان، يەنى شەرت-شارائىت بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش كۆرگەن. دەۋر نىمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئاۋال شۇ تېمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. شىنجاڭ خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى، ياڭ زېڭشىن ۋە جىن شۇرېنلارنىڭ مۇستەبىتلىك سىياسىتىگە قارشى كۈرەش پىلتىسىگە ئوت تۇتاشتۇرغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىنىڭ قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن مانا مۇشۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زامانىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ تاشلىغىنى يوق. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئۇ يىللاردا مۇنداق قىلىشنىڭ شەرت-شارائىتى تەييارلانمىغانىدى. شائىر بۇ جەھەتتىمۇ ئالدىن سەزگەن. ئۇنىڭ قىممەتلىك بولۇشى بىر پۈتۈن تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي ئورتاق يولىدىن ماڭغانلىقىدا، دەۋرنىڭ ئىلغار تەلپىدىن كېلىپ چىقىپ قاراڭغۇ كېچىدە چىراق ياققان كىشىدەك، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغاتقانلىقىدا، زۇلۇم-زىندانغا ئوت ياققانلىقىدا. بۇ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خەلقنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قوزغىلاڭ قىلغانلىقى، دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئۈچۈن ئاكتىپ زېمىن ھازىرلىغانلىقى، خەلق بىلەن بىر تەن، بىر جان بولغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسپاتلىنىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئەنە شۇ يولدا مەردلەرچە قۇربان بولدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىي ئىجادىيىتى خەلق قوشاقلىرىدىن ئىلھاملىنىش بىلەن باشلانغان، بارا-بارا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئوزۇقلانغان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىدا بىر قەدەر ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. توپلامغا كىرگەن شېئىرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

ئۇ ئەينى يىللاردىكى ئەكسىيەتچىلەرنى ئەيىبلىگەن چاغدا بەزىدە ئوچۇق، بەزىدە يوپۇتۇپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. «شوم پەلەك» ياكى «شوم»، «يالماۋۇز»، «قاۋان» دېگەن سۆزلەرنى ئەكسىيەتچى، ئەزگۈچى تۈزۈم مەنىسىدە ئىشلىتىدۇ. جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم سەلبىي نەرسىلەرنى ياكى دۈشمەنلەرنى «ئېيىق»، «قاۋان». «قاغا» غا ئوخشىتىدۇ. ئومۇمەن ئىجابىي ھادىسە ۋە نەرسىلەرنى ياخشىلىققا، يورۇقلۇققا، ئىنقىلابقا سىمۋول قىلسا، سەلبىي ھادىسە ۋە نەرسىلەرنى يامانلىققا، زۇلۇمغا، ئەكسىيەتچىلىككە سىمۋول قىلىدۇ.

بۇ جەھەتتە خەلق ئىچىدىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئوخشىتىش ۋە تەقلىد قىلىش ئۇسۇلىدىن ماھىرانە پايدىلىنىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي غايىسىنى بەزىدە ئەينەن ئىپادىلىسە، بەزىدە «يار»، «باھار» گۈل، چېچەك، چىراق، قۇياش، ئاي، ئاپتاپقا ئوخشىتىپ ئىپادە قىلىدۇ. غايىسىنى «يار» دەپ ئىپادىلىگەندە، ئۆزىنى يار ئىشقىدا «كۆيگۈچى»، «ئاشىق» قىلىپ كۆرسىتىدۇ. غايىسىنى «باھار» دەپ ئەتتۇرىغا قويغىنىدا، ئۆزىنى باھار ئىزلىگەن، قەھرىتان قىشتىن بىزار بولغان قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۆز غايىسىنى گۈل، چېچەك قىلىپ كۆرسەتكىنىدە، ئۆزىنى شۇ گۈل-چېچەك ئىشقىدىكى قەپەزدىكى بۇلبۇل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. غايىسىنى «چىراق» قا ئوخشاتقىنىدا، ئۆزىنى پەرۋانىغا ئوخشىتىدۇ. غايىسىنى «قۇياش» دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۆزىنى قۇياش نۇرىدىن تولۇق بەھرىمان بولالمايۋاتقانلىقىنى، «قارا بۇلۇت» نىڭ ئۇنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى، لېكىن قۇياشقا دالدا قىلماقلىق، ئۇنى توسۇيمەن دەپ ھەرىكەت قىلىش بىر ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئومۇمەن يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى سېلىشتۇرۇپ، يورۇقلۇقنى غالىپ قىلىپ، ئۈمىدۋارلىقنى كۈيلەيدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىدە سەل-پەل تېكىرقاش ھالىتى ئەكس ئەتسىمۇ، لېكىن ئۇ ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتە تەلەي سىناش خىيالىدا بولغان ئەمەس. بۇنداق تەقدىرگە ئىشىنىش، ئاللا ئىلتىپات قىلىدۇ دېگەن نۇقتىئىنەزەرلەرگە شىددەت بىلەن قايتۇرما زەربە بەرگەن. بۇ جەھەتتىن «ئىزدىمەس» دېگەن شېئىرىنى مىسالغا ئېلىش كۇپايە:

ئىزلىدى ھوما قۇشىنى كۈندە كۆكلەرگە قاراپ،
كەيپىيات بولغانى شۇ ھوما بولارنى ئىزلىمەس.
ئابدۇخالىق قىل سوبات، ئىزلە سىراتىلمۇستەقىم،
بۇ سوبات بار يەردە كۆڭلۈم ئۇ ھومانى ئىزلىمەس.

دېمەك، بەخت-سائادەت ئۆزلۈكىدىن قولغا كەلمەيدۇ، ئۇ ئەپسانىلەردىكى بەخت قۇشى باشقا كېلىپ قونسىلا بەخت-سائادەت قولغا كېلىدۇ، دېيىلگەنلەر پەقەت خىيالى ئەپسانىلەردىن ئىبارەت. بەخت — كۈرەش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، پەقەت قەتئىي ئىرادە بىلەن توغرا يول (سىراتىلموستەقىم) ئىزلەش لازىم دەيدۇ.

شائىر ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاب قىلىدىغانلىقىنى، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ تابىئىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھېچقانداق قارا كۈچنىڭ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. بۇ جەھەتتىن «ئۆزۈلمەس ئۈمىد»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «مۇزلىدى» قاتارلىق شېئىرلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

# پەلسەپەدىكى يېڭى گۈللىنىۋاتقان ئىلىملار

پەلسەپە - تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەن، شۇنداقلا تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ يەكۈنى، ئۇ باشقا بارلىق پەنلەرنى توغرا دۇنيا قاراش ۋە توغرا مېتودولوگىيە بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا پەنلەرنىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى بېيىتىپ ۋە تەكەممۇللاشتۇرۇپ بارىدۇ.

پەلسەپە ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ: XIX ئەسىرگە كەلگەندە مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىغا ئايلاندى. بۇ جەريان، ئەمەلىيەتتە، كىشىلەرنىڭ پەلسەپە توغرىسىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى كۆز قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ، يېڭى نەزەرىيە سىستېمىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پەلسەپە تەتقىقاتىنى يېڭى سەھىپىلەر بىلەن بېيىتقان جەريان بولدى. بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ئېرىشكەن يېڭى نەتىجىلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، يېڭىدىن گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بەس - بەس بىلەن كونا نەزەرىيە سىستېمىلىرىغا قارىتا گۇمانىي كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە يېڭى نەزەرىيە سىستېمىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىشى ئارقىسىدا، پەلسەپە

---

چىقار بوران تەرەپپال ئەگەر ھېچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە يېپىپ تۈڭلۈك ئالالغايمۇ؟
تەرەپپال بورانىنىڭ ھەم يامغۇرىڭىنىڭ ھېچ تېگى يوقتۇر،
ۋە لېكىن ئابدۇخالىقنىڭ ئۈمىدى ھېچ ئۈزۈلگەيمۇ؟

بۇ يەردە «بوران» - ئىنقىلاب مەنىسىدە ئېلىنغان بولۇپ، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئويلىغانلىرىدەك بولمايدۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە تېخىمۇ باغلىق بولمايدۇ. ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرى «تۈڭلۈك يېپىپ» (مۇداپىئە كۆرۈپ) ئۈلگۈرەلمەيدۇ. ئىنقىلابلار كۆپ بولدى، لېكىن غەلىبە قازىنالمىدۇق، شۇنداق بولسىمۇ ئىنقىلابنى توختاپ قالىدۇ، دەپ ئۈمىد ئۈزگىلى قەتئىي بولمايدۇ. مەن ئۈمىدسىزلەنمەيمەن، دەيدۇ، شېئىردىكى «مەن» پەقەت شائىرنىلا بىلدۈرۈپ قالماستىن، نۇرغۇنلىغان «مەن» لەرنى كۆرسىتىدۇ، ھالبۇكى لىرىكىدا «مەن» شۇ دەۋر كىشىلىرىنى، ئومۇمىي خەلقنى كۆرسىتىدۇ.

يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن، پەلسەپىدە ئۆزىگە خاس سىستېمىغا ئىگە، ئوخشاش بولمىغان ئېقىملار بارلىققا كەلدى. بۇ ئېقىملار كېيىن تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ تۇراقلىشىشى ۋە تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم مۇستەقىل ئىلىم بولۇپ شەكىللەندى.

## پەلسەپەشۇناسلىق

پەلسەپەشۇناسلىق — يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان، تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان ياش ئىلىم. پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، پەلسەپە سىستېمىلىرىنى، پەلسەپە ئېقىملىرىنى، پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى، نەزەرىيىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يەكۈنلەيدۇ ۋە يىغىنچاقلايدۇ، ھەم شۇ ئاساستا پەلسەپىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ، پەلسەپىنىڭ ئۆزىنى يەنى پەلسەپىنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپە تارىخىغا ئوخشىمايدۇ، پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئەمەلىيەتلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي، ماددىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ ۋە ئۇنى نەزەرىيىلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەرقايسى پەلسەپە ئېقىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ نەزەرىيە-تەلىماتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىشلارنى خۇلاسىلاپ چىقىدۇ.

پەلسەپەشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنى ئومۇمەن مۇنداق بەش نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتى ئادەتتە ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ مۇقەررەر ئىچكى قانۇنىيەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ. بىزگە مەلۇم ھەرقايسى پەلسەپە سىستېمىلىرى، ۋە ھەرقايسى پەلسەپە ئېقىملار نىسپىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولسىمۇ ئەمما ئۇلار مېتافىزىك ھالدا بۆلۈنگەن بولماستىن بەلكى ئۆزئارا تەسىر قىلىش، تەققەززا قىلىش ۋە ئۆزئارا بىر-بىرىنى شەرت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلار يەنە ئۆزئارا زىددىيەت ۋە پىكىر-ئىختىلاپلاردىن خالىي بولالمايدۇ. روشەنكى پەلسەپە يەنە شۇنداق زىددىيەت ۋە ئىچكى باغلىنىشلار ئاساسىدا راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق بىر نەزەرىيىۋى سىستېمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەربىر مەملىكەت ۋە مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. پەلسەپەشۇناسلىق دەل مۇشۇلار ئۈستىدە ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىكىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

2. پەلسەپىشۇناسلىق پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپىدىكى بىردىنبىر تۈپ نېگىزلىك مەسىلە تەپەككۇر بىلەن مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ مەسىلە پۈتكۈل پەلسەپە تەرەققىياتىغا باشتىن ئاخىر سىڭگەن بولۇپ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى. ھەرقانداق پەيلاسوپ ۋە پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرمەي ئۆتۈشى مۇمكىن ئەمەس. پەلسەپىشۇناسلىق پەلسەپە تارىخىدىكى مۇشۇ تۈپ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۇسۇللىرىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

3. پەلسەپىشۇناسلىق پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدۇ. پەلسەپە تەرەققىياتى شۈبھىسىز ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىدىغان جەريان. ئەمما شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، پەلسەپە نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ زادى نېمە؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تاكى ھازىرغا قەدەر چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى.

سىياسى، قانۇن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئەخلاق قاتارلىق ئىجتىمائىي شەكىللەرنىڭ پەلسەپە تەرەققىياتىغا قارىتا قىسمەن رولى بولسىمۇ ئەمما بۇلارنىڭ رولى ۋاسىتىلىق بولۇپ، ئۇلار پەقەت پەلسەپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدىلا رول ئوينىيالايدۇ. پەلسەپىشۇناسلىق ئىلىم ـ پەن ۋە ئىقتىسادنىڭ پەلسەپىگە بولغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىقتىكى ۋاسىتىلىق رولىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە پەلسەپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم، دىئالېكتىكا بىلەن مېتافىزىكا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ پەلسەپە تەرەققىياتىغا بولغان تۈرتكىلىك رولىنى، ھەمدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ پەلسەپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشلەر بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

4. پەلسەپىشۇناسلىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇزۇن تارىخىي زامانلاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان پەيلاسوپلار سانسىزلىغان پەلسەپە نەزەرىيىلىرىنى ۋە تەلىماتلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بەلگىلىك تارىخىي باسقۇچتا مۇئەييەن نەزەرىيىۋى سىستېما ۋە مۇئەييەن ئىدېئولوگىيەنىڭ شەكىللىنىشى، ھامان ئالدىنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن مول مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا يەنى ئالدىنقى دەۋر كىشىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجابىي پىكىرلەرنىڭ راۋاجى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق ئالدىنقىلارنىڭ ئەنئەنىسىگە كېيىنكىلەر ۋارىسلىق قىلىدىغان ئۇسۇل پۈتكۈل بىلىش تارىخىدا مۇنتىزىم فورمىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇ، بىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىردىنبىر ۋاستە، پەلسەپىشۇناسلىق ھەرقايسى سىستېمىلار تەشكىل قىلغان مۇشۇنداق فورمىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى، سىستېمىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت

ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ماركسىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى ھەرقايسى پەلسەپە سىستېمىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنىمۇ ئۆزىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

5. پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى، يەنى پەلسەپىنىڭ بارلىق پەنلەرگە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى، پەلسەپىنىڭ ئىلىم-پەن، ئىقتىساد، سىياسىي، قانۇن، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

پەلسەپەشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلىنى مۇنداق بىرنەچچە خىلغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئابستراكتلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، پەلسەپەشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان پەلسەپىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى پۈتكۈل پەلسەپە تارىخىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا پەلسەپەشۇناسلىق پەلسەپە تارىخىدىكى ھەر خىل ئېقىملار، ھەرقايسى سىستېمىلار، ھەرقايسى نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ۋە پەرقلەرنى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئارقىلىق تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئابستراكتلاشتۇرۇش يولى بىلەن پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ. ئابستراكتلاشتۇرۇش - پەلسەپەشۇناسلىقنىڭ ئەڭ تۈپكى ۋە زۆرۈر ئۇسۇلىدۇر.

2. تارىخ بىلەن مەنتىقىنىڭ بىردەكلىكىدىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى. تارىخ دېگەندە ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىنسانلار بىلىش تارىخىنىڭ تەرەققىيات جەريانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەنتىقى نەرسە دېگەندە كىشىلەرنىڭ ئۇقۇم كاتېگورىيىلەر ئارقىلىق تارىخىي نەرسىلەرنى يەكۈنلىشى ۋە ئىنكاس قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، تارىخىي نەرسە مەنتىقى نەرسىلەرنىڭ نېگىزى، مەنتىقى نەرسە — تارىخىي نەرسىنىڭ يەكۈنلىنىشىدۇر.

بىزگە مەلۇم: تارىخىي مۇقەررەرلىكلەر ھامان نۇرغۇنلىغان تەسادىپىلىكلەر ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇڭا مۇقەررەر باغلىنىشلارنى تېپىپ چىقىشتا نۇرغۇنلىغان تاسادىپىي ھادىسىلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇنى پۈتكۈل پەلسەپە تارىخىدا ئىلگىرى-ئاخىر شەكىللەنگەن پەلسەپىۋى ئۇقۇملار ۋە پەلسەپە كاتېگورىيىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئاساس قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ.

3. ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى: پەلسەپە تارىخى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىدۇر. شۇڭا پەلسەپەشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسى پەقەت پەلسەپە تارىخى

بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل بىلىش ساھەسىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى پەنلەر ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن بىلىش نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىدۇ. شۇڭا پەلسەپىشۇناسلىقتا ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئۇسۇلدۇر.

ھېگېل پەلسەپىشۇناسلىقتا ئەڭ بۇرۇن ھۆل سالغان كىشى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ خېلى بۇرۇنلا لوگىكىلىق ئۇقۇمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق لوگىكا سىستېمىلىرى ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى ۋە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئالدىن مۆلچەرلىگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ پەلسەپىدىكى ھەرقايسى ئېقىملار، مەزھەپلەر، ئوخشاش بولمىغان پەلسەپىۋى تەلىماتلار ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، پەلسەپە تەرەققىياتىغا نىسبەتەن زور تۆھپە قوشقان.

ھازىر پەلسەپىدە ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەرقايسى دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ پەلسەپە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئۆزئارا رول ئويىنىشى ئارقىسىدا پەلسەپىدە ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى ئوخشاش بولمىغان پەلسەپىۋى ئېقىملارنىڭ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ راۋاجلىنىشى يېڭى ئىلىم - پەلسەپىشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە ئۇنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭدىن باشلاپ پەلسەپىشۇناسلىق ئىلمىي يوسۇندا پەلسەپە تەرەققىياتىغا نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك رولىنى ئويناشقا باشلىدى.

پەلسەپىشۇناسلىق گەرچە نەزەرىيە جەھەتتىن مۇكەممەل پىشىپ يېتىلمىگەن ئىلىم بولسىمۇ، ئۇ زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە. پەلسەپىشۇناسلىق كىشىلەرنى پەلسەپە تارىخىغا نىسبەتەن چوڭقۇر بىلىش ۋە چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، پەلسەپىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ يېڭى يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەلسەپىشۇناسلىق مەملىكىتىمىزدە 80- يىللاردىن كېيىن يېڭى ئىلىم سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا قارىتا دەسلەپكى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، بىر قاتار يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ، زور تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

### ئىلىم - پەن پەلسەپىسى

ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ھازىرقى غەرب پەلسەپىسىدىكى تەرەققىياتى ئەڭ تېز بولغان بىر تارماق، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىدىكى ئىچكى لوگىكىلىق قانۇنىيەتنى تەتقىق قى-

لىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىلىم - پەننىڭ پەلسەپىۋىلىك قائىدىلىرىنى شەرھلەپ، پەن - تېخنىكىنىڭ سىياسەتلىرىنى بېكىتىدۇ ۋە پەن تەتقىقاتىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ.

ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ چېتىشىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ بىلىش نەزەرىيىسى، ئونتولوگىيە ۋە تەبىئەت پەلسەپىسى قاتارلىقلارغا قارىتا ئالاھىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئىلىم - پەن پەلسەپىسى 20 - يىللاردىن كېيىن پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئۆزىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، نۇرغۇنلىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە مۇستەقىل بىر ئىلىم بولۇپ شەكىللەندى. ئىلىم - پەن پەلسەپىسى غەرب دۆلەتلىرىدە دائىم «ئىلىم - پەن پەلسەپىسى» ياكى «ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپادا بولسا «تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ پەلسەپىۋىلىك مەسىلىلىرى» ياكى «ئىلىم - پەن بىلىشىنىڭ پەلسەپىۋىلىك قائىدىلىرى» دېگەن ناملار ئاساسىدا تەتقىق قىلىندى. مەملىكىتىمىزدە بولسا «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇ تەبىئەت كۆز قارىشى، ئىلىم - پەن كۆز قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەتتى.

ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ ئوبيېكتى مەسىلىسىدە بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بەزىلەر ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەن نەزەرىيىلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، ئىلىم - پەن ھەرىكىتى ۋە ئىلىم - پەن ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەنگە مۇناسىۋەتلىك بىلىش نەزەرىيىسىنى، ئونتولوگىيىنى ۋە قىممەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئىلىم - پەن پەلسەپىسى، ئىلىم - پەننى تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەلسەپىلىك تارماق، ئۇ گويا قانۇن پەلسەپىسى، سىياسەت پەلسەپىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش گەپ، ئەمما ئۇ كەڭ مەنىدىكى ئىلىم - پەن پەلسەپىسى، تار مەنىدىكى ئىلىم - پەن پەلسەپىسى بولسا ھازىرقى غەرب ئىلىم - پەن پەلسەپىسىدىكى ئېقىملار ۋە ئىدىيىۋى ئېقىملارنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلىشىدۇ. بەزى كىشىلەر يەنە ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرىدىكى مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ۋە تەبىئىي پەن نەتىجىلىرىنى بىلىشتىكى بىر خىل پەلسەپە دەپ قارىشىدۇ. ئومۇمەن ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن پەلسەپىسىگە بېرىلگەن تەبىرلەر خىلمۇ خىل بولۇپ، پىكىر ۋە قاراشلار تېخى بىرلىككە كەلگىنى يوق.

ئىلىم - پەن پەلسەپىسىگە قارىتا تەتقىق ئېلىپ بېرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەن پەلسەپىسى زادى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن كۆز قاراشلىرىمۇ بىردەك ئەمەس. بەزى ئالىملار ئىلىم - پەن پەلسەپىسى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارىشىدۇ: (1) ئىلىم - پەن پەلسە-

پىسى ھەرقايسى پەنلەرنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە تەجرىبە مەزمۇنلىرىغا ئانالىز يۈرگۈزۈش ئارقىسىدا شەكىللەنگەن مەخسۇس بىر ئىلىم، مۇشۇ تەتقىقات ئاساسىدا ئۇ بىر قاتار نەزەرىيە قۇرۇلمىلىرى ياكى ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيە قۇرۇلمىلىرىنى يىغىنچاقلاپ چىقىدۇ؛ (2) ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئانالىز ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ئىلىم - پەن تەتقىقاتىنىڭ ئەنئەنىلىرى، ئونتولوگىيە تەرتىپلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بىر خىل ئەنئەنىدىكى ئىلىم - پەن خادىملىرى ئۆزلىرىنىڭ تەتقىقات ساھەسىنى ھامان مەلۇم بىر خىل ئوبيېكتىپ جەرياندىن تەركىب تاپقان دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەم بۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. بۇ دەل نەزەرىيە ئوبيېكتىنىڭ «مەۋجۇتلۇق» مەسىلىسى بىلەن نەزەرىيە بايانىنىڭ «ھەقىقىلىق» مەسىلىسىنىڭ مەيدانىغا كېلىش سەۋەبكارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ مەسىلىلەردە چىنلىق نەزەرىيىسى بىلەن ۋاستە نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا رىقابەت مەۋجۇت. (3) ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى بىلەن ئىلىم - پەن خادىملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئانالىز ئېلىپ بارىدۇ. نەزەرىيىنىڭ بايقىلىشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىشى، قوبۇل قىلىنىشى ۋە چەتكە قېقىلىشى ئەقىلغا سىغامدۇ - يوق، لوگىكا ۋە مېتودولوگىيە قائىدىلىرىگە ھۆرمەت قىلىنغانمۇ - يوق، نەزەرىيىلەرنىڭ يېڭىلىنىپ تۈرۈشى قايسى ئۆلچەملەر بويىچە بولغان، دېگەندەك ئىلىم - پەن مېتودولوگىيىسى ئىلىم - پەن پەلسەپەسىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىق قىلىدىغان مەسىلىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇنىغا قارىتا ھازىر يەنە خىلمۇ خىل قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇ قاراشلارنى مۇنداق يەتتە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. ئىلىم - پەننىڭ ماھىيىتى ھەمدە ئىلمىي ۋە ئىلمىي بولمىغان چەك - چېگرا مەسىلىسى. ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرەلىدىمۇ - يوق، ئەمەلىي ئىسپاتقا ئىگە بولىدىمۇ - يوق، ئوخشاش بولمىغان ئېقىملارنىڭ ئىلمىي ۋە ئىلمىي بولمىغان مەسىلىلەرگە قارىتا بەلگىلىگەن چېگرىلىرىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى زادى قانچىلىك بولدى، دېگەن مەسىلە.

2. ئىلىم - پەننىڭ بىلىش شەكلى ۋە بىلىشنىڭ ئامىلى مەسىلىسى. ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەن بىلىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ، ئەمما بۇ خىل بىلىشنىڭ ئۆزى ئەسلىدىنلا بىر سىستېما بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم ئۇنى تەشكىل قىلغان ئاساسلىق ئامىللارنى تۇتقا قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئىلمىي بىلىشنى تەجرىبە تەركىبى، نەزەرىيە تەركىبى ۋە شەكىل تەركىبىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلغا، ھەمدە كۆزىتىش تىلى، نەزەرىيە تىلى ۋە شەكىل تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلغا بۆلۈشكە بولامدۇ - يوق، دېگەن مەسىلىلەرمۇ ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ سەزگۈر مەسىلىلىرىدۇر.

3. ئىلمىي بىلىشنىڭ تەرتىپى مەسىلىسى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئامىللار ھەمدە باشقا ئامىللارنىڭ بىلىشتىكى ئىلگىرى-ئاخىرلىق تەرتىپى ئىلمىي بىلىشنىڭ تەرتىپىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلمىي بىلىش جەريانىدىكى قانۇنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

4. ئىلىم - پەن نەزەرىيىسىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئىلىم - پەن شەرھىنىڭ لوگىكىسى مەسىلىسى. ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر سىستېما، ئىلىم - پەن ئۇقۇملىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلىم - پەن مەسىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەر ئىلىم - پەن نەزەرىيىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەگەر ئىلىم - پەن نەزەرىيىسى جۇزئىي ھۆكۈم چىقىرىدىغان قۇرۇلما دەپ قارىلىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىلىم - پەننىڭ شەرھى لوگىكىسى ئىلىم - پەن لوگىكىسىنىڭ مەركىزى مەسىلىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ يەردە يەنە ئىلىم - پەن پەلسەپىسى ئىلىم - پەن شەرھىنىڭ شەرتلىرى، لوگىك مودېللىرى، تېئورېمىلىرى ۋە شەرھ جەريانىدىكى رولى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

5. ئىلىم - پەننىڭ سىناق لوگىكىسى بىلەن بايقاش لوگىكىسى مەسىلىسى. سىناق لوگىكىسىنى توغرا ئىسپات لوگىكىسى (مەسىلەن كارناپ لوگىكىسى) بىلەن ساختا ئىسپات لوگىكىسى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئىلىم - پەننىڭ بايقاش لوگىكىسى سۈرۈشتە قىلىش، تۇرلەر، بىۋاستە سەزگۈ، ئەۋزەل شارائىت دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

6. ئىلىم - پەن نەزەرىيىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى مەسىلىسى. يەنى ئىلىم - پەننىڭ ئالغا بېسىشى بىلەن ئىلىم - پەن ئىنقىلابىغا بولغان تەتقىقات.

7. ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ ئىلمىي بىلىش تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى مەسىلىسى. بۇ يەردىكى مەزمۇنلار ئىلىم - پەن تارىخى، ئىلىم - پەن جەمئىيەتشۇناسلىقى، ئىلىم - پەن پسىخولوگىيىسى بىلەن ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ بىرىكمىسىدىن ئىبارەت.

غەرب ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەزى ئالىملار دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزمنى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم - پەن بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلىم - پەن پەلسەپىسى بىلەن مېتافىزىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىلىم - پەن پەلسەپىسى بىلەن بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئىلىم - پەن پەلسەپىسى بىلەن ئىلىم - پەننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

غەرب ئىلىم - پەن پەلسەپىسى كلاسسىك ئىلىم - پەن پەلسەپىسىدىن ھازىرقى ئىلىم - پەن پەلسەپىسىگە قەدەر، ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، ھەمدە باشتىن ئاخىر ئىلىم - پەن دېگەن زادى نېمە، ئىلىم - پەن نەزەرىيىلىرى قانداق شەكىللىنىدۇ، ئىلىم - پەن قانداق تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەن مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىزدىنىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ باردى.

1967 - يىلى ئېچىلغان خەلقئارالىق يىغىندا ئەنگلىيە ئالىمى كاربوپر «ئالەمنىڭ ئۈچ تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇ ئىزچىل تۈردە ئىلىم - پەن، پەلسەپىسگە بىر قەدەر تولۇق ۋە ئەتراپلىق ئاساس سالدى.

1962 - يىلى كۇرىن «ئىلىم - پەن ئىنقىلابىنىڭ قۇرۇلمىسى» دېگەن كىتابىنى يېزىپ، ئىلىم - پەن ساھەسى ۋە پەلسەپە ساھەسىدە ناھايىتى زور تەسىر قوزغىۋەتتى. كۇرىننىڭ نەزەرىيىسى ھەر خىل پەنلەر، پەلسەپە، جەمئىيەت ئالىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، ئۇ ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رولىنى ئوينىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرى بىلەن ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنى بېيىتتى، ئۇنى ئۆز ئالدىغا مەخسۇس جانلىق تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم قىلىپ تىكلىدى، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئىلىم - پەن پەلسەپىسىگە قارىتا ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم - پەن پەلسەپىسىنى ھەر خىل ئانالىز قوراللىرى بىلەن تەمىن ئەتتى.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىمۇ ئىلىم - پەن پەلسەپىسى تەتقىقاتى كەڭ تۈردە ئەۋج ئالدى، چەت ئەللەرنىڭ بۇ ھەقتىكى نۇرغۇن كىتابلىرى تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى، مەخسۇس تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەردە ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىلىم - پەن پەلسەپىسى تەسىس قىلىندى.

## سېلىشتۇرما پەلسەپە

سېلىشتۇرما پەلسەپە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن (1920 - يىللاردا) بارلىققا كەلگەن يېڭى پەن. سېلىشتۇرما پەلسەپىگە بېرىلگەن تەبىرلەر تېخى بىرلىككە كەلمىدى. چەت ئەل ئالىملىرى بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بەزى ئالىملار سېلىشتۇرما پەلسەپە، پەلسەپە بىلەن باشقا پەنلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا ئېيتىلغان، ئومۇمەن پەلسەپە بىلەن باشقا پەنلەرنىڭ ئوخشاشلىقى - پەرقىنى تەتقىق قىلىشلا ئۇنى سېلىشتۇرما پەلسەپە دەپ قاراۋەرسەك بولىدۇ، دەيدۇ؛ بەزى ئالىملار ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى پەلسەپە ۋە پەلسەپە ئېقىملىرىغا نىسبەتەن سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق - پەرقلىرىنى تېپىپ چىقىش، سېلىشتۇرما پەلسەپە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ، بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «كەڭ مەنىدىكى سېلىشتۇرما پەلسەپە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر سېلىشتۇرما پەلسەپىنى ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت سىستېمىسى ياكى مىللىي مەدەنىيەتتىكى پەلسەپىگە قارىتا سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ئىبا-

رەت دەپ يەكۈنلەيدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش «تار مەنىدىكى سېلىشتۇرما پەلسەپە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن سېلىشتۇرما پەلسەپىگە بېرىلگەن تەبىرلەر ھازىرغىچە خىلمۇ خىل بولۇپ كەلمەكتە. سېلىشتۇرما پەلسەپە ھازىرقى زامان چەت ئەل پەلسەپىسىدىكى مۇھىم بىر تارماق.

نۇرغۇن ئالىملار گېرمانىيە پەلسەپە تارىخچىسى بوردويتسېننى يېقىنقى زامان سېلىشتۇرما پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى، دەپ قارىشىدۇ. ئۇ «ئاممىباپ پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىدا ھىندىستان پەلسەپىسىنى ئاساس قىلغان شەرق پەلسەپىسى بىلەن غەرب پەلسەپىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ كىتابى سېلىشتۇرما پەلسەپىگە سېلىنغان تۇنجى ھۇل دەپ قارىلىدۇ. سېلىشتۇرما پەلسەپە دېگەن بۇ ئاتالغۇنى فرانسىيىلىك پەيلاسوپ مارسون ۋورس بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ 1923 - يىلى يازغان «سېلىشتۇرما پەلسەپە» دېگەن كىتابى سېلىشتۇرما پەلسەپىگە نىسبەتەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. سېلىشتۇرما پەلسەپە تەتقىقاتى ئامېرىكا، ئىتالىيە، ياپونىيە ۋە ھىندىستانلاردا بىر قەدەر بالدۇر بارلىققا كەلگەن ئىلىم بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما پەلسەپىدىكى نەتىجىلىرىمۇ بىر قەدەر مول. ھازىر فرانسىيە، گېرمانىيە ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى، گوللاندىيىلەردىمۇ مەخسۇس تەتقىقات تارماقلىرى قۇرۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان مەخسۇس ئەسەر ۋە ژۇرناللار چىقىرىلدى ۋە كۆپ قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى چاقىرىلدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن دۆلەتلەر ئىچىدە ئامېرىكىنىڭ ھاۋاي داشۆسى ھازىرقى زامان شەرق - غەرب سېلىشتۇرما پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىدىغان مەركىزىي ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ھاۋاي داشۆسىدە ھازىر سېلىشتۇرما پەلسەپە تەتقىقاتى بويىچە «شەرق ۋە غەرب»، «شەرق، غەرب پەلسەپىسى» دېگەن ناملار بىلەن مەخسۇس ئىككى قەرەللىك ژۇرنال چىقىدۇ.

خەلقئارادا، قەرەللىك ھالدا سېلىشتۇرما پەلسەپە مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلىپ تۇردى. 1939 - يىلى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر سېلىشتۇرما پەلسەپەشۇناسى چارس مورنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھاۋاي داشۆسىدە بىرىنچى قېتىملىق شەرق - غەرب پەيلاسوپلىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىننىڭ ئارقىسىدىنلا «شەرق - غەرب پەلسەپىسى» دېگەن ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىندى. 1949 - يىلى ئىككىنچى قېتىملىق يىغىن ئېچىلىپ، شەرق ۋە غەرب پەيلاسوپلىرى ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئاساس قىلغان ھالدا مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. شەرق ۋە غەرب پەلسەپىلىرىنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە سىڭىشىشى، تەسىر كۆرسىتىشى خىلى ئېتىبارلىق مەسىلىلەر قاتارىغا قويۇلدى. يىغىندىن كېيىن «شەرق - غەرب پەلسەپىلىرىگە تەھلىل» دېگەن ماقالىلار توپلىمى نەشر قىلىندى. ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىن 1959 - يىلى ئېچىلدى، يىغىن پەلسەپىنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى رولىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەرق، غەرب پەلسەپىلىرىگىمۇ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ باردى. يىغىندىن كېيىن، «شەرق، غەرب پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتى» دېگەن ماقالىلەر توپلىمى نەشر

قىلىندى. 1964 - يىلى تۆتىنچى قېتىملىق يىغىن چاقىرىلدى، يىغىن «دۇنيا ۋە يەككىلىك»نى ئاساسىي مەزمۇن قىلدى، شەرق بىلەن غەربنىڭ رېئاللىقتىكى، ئىدېئولوگىيىدىكى، مەدەنىيەتتىكى «يەككىلىك»ىگە قارىتا ئىزدىنىش ئېلىپ باردى. شۇندىن ئېتىبارەن بۇنداق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

غەرب، جۇڭگو، ھىندىستان، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى، ھازىرقى زامان غەرب پەلسەپىسى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى، ھازىرقى زامان غەرب تەبىئىي پەنلىرى بىلەن شەرقنىڭ قەدىمكى پەلسەپىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلارمۇ سېلىشتۇرما پەلسەپىنىڭ تەتقىقات مەزمۇنىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقىدۇر. غەرب ۋە شەرقتىكى پەيلاسوپلار، ئالىملار بۇ ھەقتە تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇن مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

سېلىشتۇرما پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى ئاساسەن ئىككى خىل بولماقتا. بىرى پاراللېل تەتقىقات بولۇپ، ئۆزئارا تەسىردە بولمىغان، ئوخشاش بولمىغان ئەنئەنىدىكى مەدەنىيەتكە قارىتا سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ياكى ئوخشاش بولمىغان قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىش ئۇسۇلى، يەنە بىرى تەسىرى تەتقىقات بولۇپ، ئۆزئارا تەسىردە بولغان، ئوخشاش بولمىغان ئەنئەنىدىكى مەدەنىيەتكە قارىتا سېلىشتۇرما تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىدىغان، ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە بىرلىكنى ئېچىپ بېرىدىغان ئۇسۇلدىن ئىبارەت. ئەمما ياپونىيىلىك سەنجىچوگدې ئەپەندى سېلىشتۇرما ئۇسۇلنى ئۈچ خىل شەكىلگە بۆلۈۋېتىدۇ. بىرىنچى خىل ئۇسۇل، ماھىيىتى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىدىيىلەرگە قارىتا سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى. ئىككىنچى خىلى، كۆپ خىل ئىدىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرگە قارىتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى. ئۈچىنچى خىلى، شەرق بىلەن غەرب ئىدىيىلىرىنىڭ بىرىكمە شەكلىدىكى تەتقىقاتى، يەنى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان دۇنيا پەلسەپە تارىخى ۋە دۇنيا ئىدېئولوگىيە تارىخىغا قارىتا ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. يەنە بەزى ئالىملار سېلىشتۇرما ئۇسۇللارنى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرغان ئاساستا تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللارغا يىغىنچاقلىدى: ئۇزۇن سېلىشتۇرما (كېلىپ چىقىش ۋە راۋاجلىنىشىنى تەتقىق قىلىدۇ)، توغرا سېلىشتۇرما (ئوخشاش بىر دەۋردىكى باشقا - باشقا مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى)، ئوخشاش سېلىشتۇرما (ئوخشاشلىقنى قوبۇل قىلىپ تۇرۇپ تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى)، پەرقلىق سېلىشتۇرما (پەرقنى تاللىۋېلىپ تەتقىقات يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى)، ئوخشاشلىق بىلەن پەرقنى كىرىشتۈرگەن ئاساستىكى سېلىشتۇرما (ھەم ئوخشاشلىقنى قوبۇل قىلىپ ھەم پەرقنى تاللىۋېلىپ تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى) قاتارلىقلار.

# زامانىۋى لوگىكا توغرىسىدا

شېرىن قۇربان

ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەنلەرنىڭ بىرى بولغان لوگىكا (مەنتىقشۇناسلىق) ئىلمى ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە پەنلەر دۇنياسىدا ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەم بۈگۈنكى كۈندە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىپ، ئىنسانلار ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىۋاتقانلىقى، بۇ پەننىڭ تولىمۇ كېرەكلىك پەن ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىر قىسىم لوگىكىشۇناسلارنىڭ لوگىكا ئىلمىنى «ھەم قەدىمكى پەن ھەم ياش پەن» دەپ ئوبرازلىق سۈپەتلىشىدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك. ھازىر كىشىلەر لوگىكا كىشىلەرنىڭ زېرەك ھەم ئېنىق پىكىر يۈرگۈزۈشىگە، ئوبيېكتىپ دۇنيانى چوڭقۇر، ئەتراپلىق بىلىشكە، ئۆز ئىدىيىسىنى توغرا، ئىزچىل، راۋان بايان قىلىشقا زور ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت «قورال» ئىكەنلىكىنى بارا-بارا چۈشىنىپ يەتمەكتە.

لوگىكا ئىلمىنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات يۆزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئۇ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، دىئالېكتىكىلىق لوگىكا، ئومۇمىي لوگىكا ۋە ماتېماتىكىلىق لوگىكا دەپ ئۈچ تۈرگە؛ زامان نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئۇ ئەنئەنىۋى لوگىكا (فورمال لوگىكا) ۋە زامانىۋى لو-

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىمۇ سېلىشتۇرما پەلسەپىگە مەخسۇس بىر پەن سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىپ سېلىشتۇرما تەتقىقات ئىشلىرى **جۇش** ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1981 - يىلى 10 - ئايدا پۈتۈن مەملىكەتلىك سېلىشتۇرما پەلسەپە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلىپ سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن ئىزاھلاندى، بۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىزدە سېلىشتۇرما پەلسەپە بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ۋە سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ دەسلەپكى ئاساسى تۇرغۇزۇلدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئېلى مامۇت، ھۆسەنجان ئەسقەر

گىكا (هازىرقى زامان لوگىكىسى) دەپ ئىككى تۈرگە؛ ئەمەلىي قوللىنىلىش دائىرىسى-نىڭ ھەر خىل بولۇشىغا ئاساسەن، ئۇ ئوقۇتۇش لوگىكىسى، ئۆلچەم لوگىكىسى، زامان لوگىكىسى، بىلىش لوگىكىسى، كۆپ قىممەت لوگىكىسى، راي لوگىكىسى، مۇجمەل لو-گىكا، ئەندىزىلەشتۈرۈش لوگىكىسى (ئاكسىيومىلىك لوگىكا)، پەلسەپە لوگىكىسى، تىل لوگىكىسى، قانۇن لوگىكىسى، باشقۇرۇش لوگىكىسى، تۇرمۇش لوگىكىسى... دېگەندەك تارماقلارغا بۆلۈنۈشكە باشلىدى.

مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، لوگىكا ئىلمى ھەممە پەن بىلەن مۇناسىۋەت-لىك. مەيلى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر بولسۇن، مەيلى تەبىئىي پەنلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز پېنىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىپ، بىر خىل تەلىمات قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىپ چىقىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇلار ئەقەللىسى، لوگىكىلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىشى، ئۆز تەلىمات سىستېمىسىنى پۇختا لوگىكىلىق قۇرۇلۇشقا ئىگە قىلىشى لازىم. يەنە بىر جەھەتتىن، ھەرقانداق بىر پەن، ئۇ ماھىيەتتە، ئۇقۇملار دېگىنى. ئالايلۇق، پەلسەپەدە، ماددا، ئاڭ، شەكىل، مەزمۇن...؛ سىياسىي ئىقتىسادتا تاۋار، پۇل...؛ ئەدەبىياتتا پېرسوناژ، تەسەۋۋۇر؛ فىزىكىدا نۇر، ماسسا؛ ماتېماتىكىدا فورمۇلا، شەكىل... دېگەندەك ناھايىتى نۇرغۇن ئۇقۇملار بار. ھەربىر پەن ئۆز ساھەسىدىكى ئۇقۇملارنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجىمىنى شەرھلەپ چىقىشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇ خىل شەرھلەش لوگىكىلىق مېغىز ئېنىقلىمىسى (تەبىرلەش) بىلەن لوگىكىلىق ھەجىم ئېنىقلىمىسى (بۆلۈش) دىن ئىبارەت ئۇسۇلدىن پايدىلانماي بولمايدۇ. جىددى ئىلمىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر پەندە لوگىكا تەدبىق-لىنىدۇ، لوگىكىنىڭ ئۆزىمۇ باشقا پەنلەر تەلىمات سىستېمىلىرى ئاساسىدا ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«زامانىۋى لوگىكا» دېگەن بۇ ئۇقۇم «ئەنئەنىۋى لوگىكا» دېگەن ئۇقۇمغا سېلىشتۇرۇلغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى لوگىكىدىن بۆلۈنۈپ چىققان ھازىرقى زامان لوگىكىسىنىڭ نامىنى ئىپادىلەيدۇ.

«زامانىۋى لوگىكا» بىلەن «ئەنئەنىۋى لوگىكا» ھەم ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بول-غان ھەم ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان بىر پەننىڭ ئىككى تارمىقى. بۇ يەردە دېيىلمەكچى بولغان «ئەنئەنىۋى لوگىكا» مىلادىدىن ئىلگىرىكى 384 — 322 - يىللىرى ياشىغان «قەدىمكى زاماننىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى» (ماركس)، «ئەڭ بىلىملىك شەخس» (ئېنگېلس)، «ماتېرىيالىزمغا تولىمۇ مايىل» (لېنىن)، گىرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېل بەرپا قىلغان لوگىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز بۇ ئىككى لوگىكىنى شۇ سەۋەبتىن مۇناسىۋەتلىك دەيمىزكى، ئارىستوتېل لو-گىكىسى (ئەنئەنىۋى لوگىكا ياكى فورمال لوگىكا) زامانىۋى لوگىكىنىڭ ئاساسى، زا-مانىۋى لوگىكا بولسا، ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى باسقۇچى.

بۇ ئىككى لوگىكىنىڭ خاراكتېرلىك پەرقى، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قائىدە- قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا گەۋدىلىك كۆرىلىدۇ. ئەنئەنىۋى لوگىكا ئىپتىدائىي ئۇسۇللار ئارقىلىق تەپەككۇر ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلغان بولسا، زامانىۋى لوگىكا ئەڭ ئىلغار زامانىۋى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن قائىدە- قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. زامانىۋى لوگىكا ئىلغار ئىلمىي ئۇسۇللار ئارقىلىق شەكىل قۇرۇلمىسىنىڭ قۇدرىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە نامايەن قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم- پەن ۋە ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا كەڭ قوللىنىلىپ ئۈنۈم كۆرسىتىشكە باشلىدى.

زامانىۋى لوگىكىنىڭ ئېنىقلىمىسى (تەبىرى) توغرىسىدا ئامېرىكا لوگىكىشۇناسى ئا. ئى. بورومبۇگېر 1967 - يىلى نيۇ- يورك ئۇنىۋېرسىتېتىدا نەشىردىن چىققان «پەلسەپە ئېنسىكلوپېدىيىسى» دا مۇنداق دەپ ئېنىقلىما بەرگەن: «زامانىۋى لوگىكا بەلگە لوگىكىسى ياكى ماتېماتىكىلىق لوگىكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئارىستوتېل بەرپا قىلغان لوگىكا ئىلمى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى باسقۇچىنىڭ مېۋىسى، زامانىۋى لوگىكا شەكىللا ئەمەس، بەلكى شەكىللەشكەن قۇرۇلمىدۇر، ئۇنىڭ ئاساسىي تارماقلىرىنى بىر پۈتۈن شەكىللەر سىستېمىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ».

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق لوگىكىشۇناسلىرى ب. ئى. بىلېسكىي قاتارلىقلارنىڭ قارىشىچە، «زامانىۋى لوگىكا» فورمىلاشقان ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ ئەنئەنىۋى لوگىكىنىڭ ھەرقايسى تۈپ مەسىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى.

ياپونىيىلىك لوگىكا مۇتەخەسسىسى جىتىيەن شىيايەن ئۆزىنىڭ «زامانىۋى لوگىكا» دېگەن كىتابى (ياپونىيە يەنبو كىتابخانىسى 1968 - يىلى نەشرى) دا زامانىۋى لوگىكا ھەققىدە توختالغاندا: «XX ئەسىرنىڭ لوگىكىسى روشەن ماتېماتىكىلىق خاراكتېردىن ئىبارەت بۇ نۇقتىنى مەركەز قىلغان ھالدا راۋاجلاندى. ماتېماتىكا بىلەن بولغان ماسلىشىش مۇناسىۋىتى- زامانىۋى لوگىكىنىڭ ئەڭ تۈپ خاراكتېرى، شۇ سەۋەبلىك زامانىۋى لوگىكا بەزىدە ماتېماتىكىلىق لوگىكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئېلىمىزدىكى لوگىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىمۇ يۇقىرىدىكى قاراشلارغا ئوخشاۋراق كېتىدۇ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ۋاڭ سيەنجۈن ئەپەندى «ماتېماتىكىلىق لوگىكىغا مۇقەددىمە» (بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشرى) دېگەن ئەسىرىدە «زامانىۋى لوگىكا» غا ئېنىقلىما بېرىپ: «ماتېماتىكىلىق لوگىكىنىڭ لوگىكىلىقى زامانىۋى شەكىلدىكى لوگىكىدۇر»، «كەڭ مەنىدىكى ماتېماتىكىلىق لوگىكا بەزىدە فورمۇلا ياكى بەلگە لوگىكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ»، «زامانىۋى لوگىكا ئالاھىدە فورمۇلالار ۋە ماتېما-

تىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، لوگىكىلىق يەشمە خۇلاسە نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ» دەيدۇ.

چەت ئەل ۋە جۇڭگو لوگىكا ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىدا جۈزئى پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ئورتاقلىق يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

زامانىۋى لوگىكىنىڭ خاراكتېرى، ئۇنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات يۈزلىنىشى ھەم چەت ئەل ۋە جۇڭگو لوگىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، زامانىۋى لوگىكىنىڭ مەغزىغا مۇنداق قىسقىچە ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ: زامانىۋى لوگىكا ماتېماتىكىلىق خۇلاسىلاش، ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش، ماتېماتىكىلىق ئاكسىئومىلاشتۇرۇش ۋە فورمۇلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن قائىدە-قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، فورمۇلاشقان ئۇسۇل ئارقىلىق تەپەككۇر ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

«فورمۇلاشتۇرۇش» زامانىۋى لوگىكىنىڭ جېنى. «فورمۇلاشتۇرۇش» ئۇقۇمىنىڭ مەنىسى ھەققىدە مەشھۇر نېمىس ماتېماتىكى ھىلبېرت (1862-1943-يىللار) 1926-يىلى مۇنداق شەرھى بەرگەن: «ماتېماتىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئوبيېكتى — بەلگىدۇر، بەلگىنىڭ ئۆزى ماھىيەتتۇر، ئۇ غايىۋى فىزىكا ئوبيېكتقا ھەرگىزمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. فورمۇلىدا بىۋاسىتە كۆزىتىش مەزمۇن بايانى يوشۇرۇنغان بولىدۇ، ھالبۇكى بۇ خىل مەزمۇن ماتېماتىكىغا زادىلا تەۋە ئەمەس» ئانالىز پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىلى ر. كارنوپۇ فورمال نەزەرىيىسى توغرىسىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بەرگەن: «...مەلۇم بىر جۈملە قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ خىل تەتقىق مەزكۇر جۈملىنىڭ مەزمۇنى ياكى جۈملە قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسىگە قارىتىلماستىن، بەلكى ھەربىر سۆزنىڭ تۈرى ياكى ئۇلارنىڭ بىرىكىش تەرتىپىگە قارىتىلىدۇ».

«فورمۇلاشتۇرۇش» ئۇقۇمىغا-بىر يۈرۈش ئالاھىدە مەنا ئاڭلىتىدىغان بەلگە ئارقىلىق ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارنىڭ شەكىل ۋە قۇرۇلمىسىنى تۇرغۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە تەتقىقاتىنى شەكىل بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت شەكىل سىستېمىسى تەتقىقاتىغا ئۆزگەرتىش دېمەكتۇر، دەپ تەرىپ بېرىشكە بولىدۇ. شۇنى كۆرسىتىش زۆرۈركى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە شەكىللىرى ئۇقۇم شەكىللىرى (ئايرىملىقنىڭ ئىپادە شەكلى، ھۆكۈملىگۈچىنىڭ ئىپادە شەكلى ۋە مىقدار بەلگىسى)، ھۆكۈم شەكىللىرى (ھۆكۈمنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە شەكىللىرى) ۋە خۇلاسە-ئىسپات شەكىللىرى (خۇلاسە-ئىسپات ئىپادىلىنىدىغان قوشما ھۆكۈم شەكىللىرى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

زامانىۋى لوگىكىنىڭ ھەجىمىنىڭ ئېنىقلىمىسى توغرىسىدا ئامېرىكا لوگىكىشۇناسى ئا. ئې بورومبوگېرنىڭ قارىشىچە، مەسىلىلىك ھېسابلاش (ھۆكۈملۈك ھېسابلاش) بىلەن ھۆكۈملىگۈچىنى ھېسابلاشتىن باشقا زامانىۋى لوگىكا يەنە بىر قىسىم ئالىي ساھەلەرنى،

ئالايلۇق، ئىككىنچى تەرتىپلىك ھۆكۈملىگۈچىنى ھېساپلاش، يۇقىرى تەرتىپلىك ھۆكۈملىگۈچىنى ھېسابلاش، لوگىكىلىق زىددىيەت نەزەرىيىسى، قايتىلانما فۇنكسىيە، مودېل نەزەرىيىسى، پەلسەپە لوگىكىسى، سىماسولوگىيە (سۆز مەنىسى ھەققىدىكى تەلىمات)، مېخىز (مەزمۇن) لوگىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ياكى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لوگىكىشۇناسى ئا. ئا. ۋېتۇرۇۋفنىڭ قارىشىچە، زامانىۋى لوگىكا بەلگە لوگىكىسى (تار مەنىدىكى ماتېماتىكىلىق لوگىكا) بىلەن يەشمە ئىلمىي مېتودولوگىيىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياپونىيە لوگىكا مۇتەخەسسىسى بەن بېن بەيدانىڭ شەرھلىشىچە، پىسخولوگىيىلىك مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان «ئۇقۇم» بىلەن «ھۆكۈم» نى «ئاتالغۇ» ۋە «ھۆكۈملۈك» دەپ ئۆزگەرتىش؛ ئۈچ ھۆكۈملۈك خۇلاسىنى ھۆكۈملىگۈچىنى ھېسابلاشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە بىر تەرەپ قىلىش؛ يىغما خۇلاسە مودال لوگىكىسى (راي لوگىكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى؛ ئىسپات ماتېماتىكىلىق ئىسپاتلاش نەزەرىيىسى بىلەن چەكلىنىشى لازىم. زامانىۋى لوگىكىدا ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيىتى، زىددىيەت قانۇنىيىتى ۋە ئەينىيەت قانۇنىيىتىنى ئۈچ ئاساسىي قانۇنىيەت قىلىشنىڭ ئاساسى يوق.

ئېلىمىز لوگىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، زامانىۋى لوگىكا ئاكسىئومىلىك توپلام نەزەرىيىسى، ئىسپات نەزەرىيىسى، دېكوررېنت نەزەرىيىسى، مودېل نەزەرىيىسى ۋە لوگىكىلىق ھېسابلاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

يوقىرىدىكى قاراشلارنى يىغىنچاقلىغاندا، زامانىۋى لوگىكىنىڭ ھەجىم دائىرىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئىخچاملاپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئاساسىي لوگىكا

1. ئۆلچەم لوگىكىسى (ھۆكۈملۈك لوگىكا، بايان لوگىكا)؛

2. غەيرى ئۆلچەم لوگىكىسى (مودال لوگىكىسى. كۆپ قىممەت لوگىكىسى، خۇنۇك لوگىكا، بىۋاستە كۆزەتمىلىك لوگىكا، مۇناسىۋەت لوگىكىسى)؛

ئىككىنچى، تىل لوگىكىسى (ئىپتىدائىي لوگىكا دەپمۇ ئاتىلىدۇ): لوگىكىلىق مورفولوگىيە، سىماسولوگىيە، گىرامماتىكا.

ئۈچىنچى، ماتېماتىكىنىڭ تەرەققىياتى: توپلام نەزەرىيىسى، ئىسپات نەزەرىيىسى، دېكوررېنت نەزەرىيىسى، مودېل نەزەرىيىسى ۋە باشقىلار.

تۆتىنچى، ئەمەلىي لوگىكا: بىلىش لوگىكىسى، ئەمەلىيەت لوگىكىسى، فىزىكىلىق ئەمەلىي لوگىكا (ھالەت لوگىكىسى، ماكان لوگىكىسى، ئىنفورماتسىيە لوگىكىسى، كونتىرول لوگىكىسى، قىممەت لوگىكىسى قاتارلىقلار).

بەشىنچى، يىغما لوگىكا.

## زامانىۋى لوگىكىنىڭ تەرەققىيات يۆزلىنىشى

بىرىنچى، ماتېماتىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتى: زامانىۋى لوگىكا تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى يىراق XVII ئەسىردە ئۆتكەن گېرمانىيىلىك ماتېماتىك لېيبنىز (1646 - 1716 - يىللار) غا قاراپ پەرۋاز ئەيلەشكە باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ ماتېماتىكىلىق لوگىكىنىڭ سەركەردىسى. لېيبنىز تۇنجى قېتىم لوگىكىدا ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشنى يولغا قويۇش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭچە، بۇ خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلەر ئاسان ھەم خاتاسىز ھالدا خۇلاسىلەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ بارلىق لوگىكىلىق خۇلاسە خاتالىقلىرىنىڭ ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش خاتالىقى بولۇپ ئىپادىلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى. شۇنداق بولغاندا، ناۋادا تالاش-تارتىش يۈز بېرىپ قالسا، ئىككى پەيلاسوپ خۇددى ئىككى ماتېماتىكا ھېسابلاش ئالىملىرىغا ئوخشاش ئاغزاكى مۇنازىرە يۈرگۈزمەستىن، بەلكى قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، ھېسابلاش ماشىنىسى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، روبىرو ھالدا «ھەممىسى ھېسابلاشنى باشلايلى» دېيىشسىلا كۇپايە قىلىدۇ. لېيبنىزنىڭ بۇ تەسەۋۋۇرى گەرچە تېخى رېئاللىققا ئايلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر يەنىلا ئۇنى «ئارىستوتېل لوگىكىسىغا يېڭى ھايات يولى ئېچىپ بەردى»، «ئۇ زامانىۋى لوگىكىنىڭ ئاساسچىسى» دەپ قارىماقتا.

XIX ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئەنگلىيە ماتېماتىكى گ. بول (1815-1874 - يىللار) «تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى تەتقىقاتى» ۋە «لوگىكىنىڭ ماتېماتىكىلىق تەھلىلى» دېگەن ئىككى ئەسەرنى ئېلان قىلىپ، لوگىكىلىق ئالگېبرا سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، لېيبنىز تەسەۋۋۇرىنىڭ بىر قىسمىنى كونكرېت ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، لوگىكىنى ئالگېبرالىق ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى فورمال لوگىكىنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزۇپ، ئەل ئېتىراپ قىلغان زامانىۋى لوگىكىنىڭ بەرپاچىسى بولۇپ قالدى. بول سىستېمىسى ئارىستوتېل سىستېمىسىنى ئالگېبرالاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۇ شۇندىن تارتىپ ئىنتايىن مول بولغان يېڭى بىر ساھەنى ئېچىپ بەردى. دەرۋەقە، ھەر قانداق نەرسىنىڭ بەلگىلىك چېكى بولغىنىغا ئوخشاش، بول سىستېمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇقۇملار ھەجىملىرى ئاساس قىلىنغان بىر خىل ئۇقۇم لوگىكىسىلا ھېسابلىنىدۇ، خالاس.

ئارىلىقتىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا، گېرمانىيە ماتېماتىكى ھەم لوگىكىشۇناسى فېرىگى (1848 - 1925 - يىللار) زامانىۋى لوگىكا سەھنىسىدە ئىجادىيەت خاراكتېرلىك تۆھپە يارىتىپ، ماتېماتىكىلىق لوگىكىدا بولنىڭ ئۇقۇم لوگىكىسىدىن كېيىن ھۆكۈم لوگىكىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇ ھۆكۈملۈك ھېسابلاشنى مۇكەممەل راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا مىقدار ۋە تىزگىنلىگۈچى ئۆزگىرىشچان ئالامەتنى كىرگۈزدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ھۆكۈملىگۈچىنى ھېسابلاشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تېپىپ چىقتى ھەم

لوگىكا نۇقتىسىدىن چىقىپ، تەبىئىي سانلارغا تەرىپ بېرىپ، بىر قاتار ئىلمىي ھېسابلاش قائىدىلىرىنى تۇرغۇزۇپ چىقتى.

شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، گ. بول ۋە فېرېگىلاردىن كېيىن، زامانىۋى لوگىكا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ماتېماتىكا ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىش يۆنىلىشىنى تۇراقلىق بويلاپ ئىلگىرىلىمەكتە، مەيلى يېقىن ئۆتمۈش بولسۇن، مەيلى ھازىر بولسۇن، ماتېماتىكا لوگىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئەگەر تەقلىد قىلساق، لوگىكا ماشىنا بولسا، ماتېماتىكا ئۇنىڭ ماتورىدۇر.

ئەسىرىمىزنىڭ 30 - يىللىرىدا، زامانىۋى لوگىكا تارىخىدا ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ تېپىم دەۋر بۆلگۈچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەت بارلىققا كەلدى:

1931 - يىلى چېخوسلوۋاكىيىدە تۇغۇلغان ماتېماتىك ك. گودېل «PM ھەم سىستېما I دىكى شەكلى بېكىتكىلى بولمايدىغان ھۆكۈملۈك» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدا ھېساب سىستېمىسىنىڭ مۇكەممەلسىزلىك تېئورېمىسىنى ئىسپاتلاپ چىقتى.

1933 - يىلى پولشا مەنتىقشۇناسى ئا. تاسكى «شەكلەن تىلدىكى چىن ئۇقۇم» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدا، جۈملىنىڭ چىن - ساختىلىقى ئېنىقلىمىسىنى ئېنىق بېكىتىپ، زامانىۋى لوگىكا سىماسولوگىيىسىنى ياراتتى. 1937 - يىلى ئەنگلىيىلىك ماتېماتىك ئا. م. تورىن «ھېسابلاشقا بولىدىغان ھېساب ۋە ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشىدا قوللىنىلىشى» دېگەن ئەسىرىدە تورىن ماشىنىنىڭ شەكلى نەزەرىيىسىنى ئىجاد قىلدى.

يۇقىرىدىكىلەر زامانىۋى لوگىكىنىڭ مۇھىم مېۋىلىرى بولۇپ، قويۇق ماتېماتىكلىق تۈسكە ئىگە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ راۋاجلىنىشى ھېسابلاش نەزەرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لوگىكىنىڭ «ھېساب قىسمى» باشقا قىسىملارنىڭ تەرەققىياتىدىن خېلىلا يۇقىرى تۇرىدىغان ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قېلىپ، توك ئۇلاش - ئايرىش لىنىيىسى، ئاپتوماتىك سىستېما، ھېسابلاش ماشىنىلىرىنى لايىھىلەش ۋە باشقا تېخنىكا تارماقلىرىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، زامانىۋى لوگىكا ئېچىپ بەرگەن ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر قانۇنىيىتى، تەپەككۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇلى ھېسابلاش ماشىنىسى توغرىسىدىكى پەن ۋە باشقا پەنلەر ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ماتېماتىكىلىق بەلگىلەر ئارقىلىق مۇئەييەن تەپەككۇر جەريانىنى تەسۋىرلەش ۋە ئىپادىلەش، ئېلېكترونلۇق ماشىنىلار ئارقىلىق مۇئەييەن تەپەككۇر جەريانىنى ماددىي يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرۇش شۈبھىسىزكى، زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە زور نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

ئىككىنچى، پەلسەپە جەھەتتىكى تەرەققىياتى: پەلسەپە لوگىكىسىنىڭ يۆنىلىشى ۋە تەرەققىياتى زامانىۋى لوگىكا ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىجادىيەت پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. پەلسەپىلىك كاتېگورىيىلەر، مەسىلەن: مەۋجۇدىيەت، بىلىش، ماھىيەت، ھەقىقەت قاتارلىقلارغا قارىتا لوگىكىلىق قۇراللار ئارقىلىق ئىنچىكە، نازۇك ئانالىز

يۈرگۈزۈش، سۆزسىزكى، ئەھمىيەت جەھەتتە بىباھا. غەربتە بۇ خىل ئانالىز دەسلەپتە بىلىش نەزەرىيىسى، ماھىيەت نەزەرىيىسى قاتارلىق ساھەلەردىلا باشلانغان ئىدى. بۇگۈنگە كەلگەندە، بۇ خىل توغرا ۋە فورمال بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى نەزەرىيە ۋە دائىرە ساھەسىگە تەدبىقلىنىشكە يۈزلەندى. نەتىجىدە مەجبۇرىيەت لوگىكىسى، تاللاش لوگىكىسى، ھەرىكەت لوگىكىسى قاتارلىق تارماق لوگىكىلار بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ يۈزلىنىشتىن مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، پەلسەپە يېقىن كەلگۈسىدە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىدا كىشى زوقىنى كەلتۈرىدىغان غايەت زور جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ قالغۇسى.

لوگىكا ئىلمىنىڭ يۈكسەك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە لوگىكىلىق ئۇسۇللارنىڭ پەلسەپە ۋە پەنلەر مېتودولوگىيىسىدە كەڭ قوللىنىلىشى، لوگىكىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى، لوگىكىلىق سىستېما بىلەن ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ئۈچىنچى، تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى تەرەققىياتى: زامانىۋى لوگىكىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى جەريانىدا، تەبىئىي تىل لوگىكىسىغا بولغان قىزىقىش بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا چىقماقتا. بۇ تولىمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر مۇھىم يۈزلىنىش. بولۇپمۇ خاس ماتېماتىكىلىق شەكىل سىستېمىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان خۇلاسىلاش ئۇسۇلى تەبىئىي تىلدىمۇ تەتقىق قىلىنىشقا باشلىنىپ، دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار لوگىكىلىق گراماتىكا، سىماسولوگىيە قاتارلىقلارنى مۇشۇ دائىرە ئىچىگە قويماقتا. مورفولوگىيە تىلنىڭ ئىپادە شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ، لېكىن، ئۇ ئىپادە شەكلى بىلەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئارىلاشمايدۇ. سىماسولوگىيە تىلنىڭ ئىپادە شەكلى بىلەن شۇ شەكىل ئىپادىلىگەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىشتىن باشقا، يەنە ئىپادە شەكلى بىلەن ئۇ كۆرسىتىدىغان ئوبيېكت، ئۇنى ئىشلەتكۈچى ھەمدە ئۇنى ئىشلەتكەندە كونتېكستلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. ئىككى خىل ھېسابلاش شەكلى ئارقىلىق چىقىرىلىدىغان خۇلاسە نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا، تەتقىق قىلىنىدىغىنى — بەلگە ئىپادە شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر، ھالبۇكى، بۇ خىل تەتقىقات گراماتىكا كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

سىماسولوگىيىدە، ئۇنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا قانداق چۈشەنچىدە بولۇش، ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە. ھازىر بۇ ھەقتە ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر مەزمۇننى ئىپادە شەكلىنىڭ ئوبيېكتى، يەنى ئادەتتە دېيىلىدىغان ھەجىم دېسە، بەزىلەر مەزمۇننىڭ ئىككىنچى قەۋەت مەنىسى بار، ئۇ بولسىمۇ فېرىگې ئوتتۇرىغا قويغان مېغىزدۇر دېيىشمەكتە.

سىماسولوگىيە دەسلەپتە قەدىمكى يۇنانىستاندا شەكىللەنگەن. XIX ئەسىرگە كەلگەندە، فىرېگې بۇ پەننىڭ تەرەققىياتىغا بۆسۈش خاراكتېرلىك تۆھپە قوشتى. ھەقىقىي زامانىۋى لوگىكىلىق سىماسولوگىيە 1930 - يىلدىن ئېتىبارەن شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ پەن ئۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن زامانىۋى لوگىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس ھالدا تېز تەرەققىي قىلماقتا.

## ساپ لوگىكىنىڭ تەرەققىياتى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، زامانىۋى لوگىكا ئۆزىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلدى، بۇ تەرەققىياتنىڭ مۇھىم ئالامىتى، بىرى، ئۇ لوگىكىلىق شەكىل سىستېمىسىنى فورمۇلاشتۇرۇش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇنى ئادەتتىكى خۇلاسىلاش ئۇسۇلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، ئاددىي خۇلاسە تېخنىكىسى ۋە بىۋاسىتە كۆزەتمىلىك تەلىپىگە يەتكۈزدى. يەنە بىرى، ئۇ كلاسسىك ھېسابلاش ئۇسۇلىنى تەدبىقلاپ، يېڭى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى.

غەيرى ئۆلچەم لوگىكا سىستېمىسى تەرەققىياتىدا، ئۇنىڭكا ئىلمىنىڭ نۇرغۇن تارماقلىرى شەكىللىنىپ، كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىدى. ئاددىي خۇلاسىلاش تېخنىكىسى ئىلمىي تەتقىقاتىدا زور ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىلىش پائالىيىتىدە ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇشتىمۇ ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى خېلىلا زور. بۇ جەھەتتە تەبىئىي خۇلاسە سىستېمىسىمۇ كىشىلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشمەكتە.

بۇنىڭدىن باشقا، زىددىيەت سىستېمىسى ۋە ئۇچ ھۆكۈملۈك مەسىلىلىرى ساھەسىدىمۇ تەتقىقاتلار كۈچەيتىلمەكتە. ئادەتتە زىددىيەتسىز سىستېمىنىڭ خۇلاسىلاش ئىقتىدارى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا، لوگىكىشۇناسلار ئۇنىڭغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. لېكىن بۇنداق دېگەنلىك، زىددىيەت نەزەرىيىسى ئۆز رولىنى يوقاتتى دېگەنلىك ئەمەس. ئىلىم - پەن ئەمەلىيىتى ئىسپاتلاپ كەلمەكتىكى، زىددىيەت نەزەرىيىسى يەنىلا رول ئويناپ، ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتمەكتە. مەسىلەن: كىشىلەرگە تونۇش بولغان «كانتور توپلام نەزەرىيىسى» ئەسلىدە زىددىيەت نەزەرىيىسىگە تەئەللۇق بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئاساسى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇچ ھۆكۈملۈك خۇلاسە تەتقىقاتى ئارىستوتېلدىن قالغان مىراس بولغاچقا، ئۆتمۈش تارىختا مەنسۇپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىراق، زامانىۋى لوگىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۇچ ھۆكۈملۈك خۇلاسىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ ھال ئۇچ ھۆكۈملۈك خۇلاسىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭىباشتىن كۈن تەرتىپكە قويىدى. ئۇچ ھۆكۈملۈككە دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەر مەسىلەن: ئۇچ ھۆكۈملۈك بىلەن راي لوگىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئۇچ ھۆكۈملۈكنىڭ ئاتالغۇلىرى مەسىلىسى، خاراكتېرلىگۈچى ھۆكۈم بولغان A، E، I، O لارنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسىنى قانداق ئىپادىلەش ۋە تەرجىمە قىلىش مەسىلىسى، لوگىكىلىق كۋادرات (ماترىتسا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نى باش-

# شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى ۋە يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم سەئىدى

شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشكە، يېزىلارنىڭ شەھەرلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان قانۇنىيەت. چۈنكى، ھەرقانداق بىر شەھەر ئەسلىدە يېزا-كەنت بازارلىرىنىڭ تەرەققىيات مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تەرەققىيات تارىخىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىدىن ئىبارەت. XX ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدىكى ئىلىم-پەننىڭ تېز سۈرئەتتىكى تەرەققىياتى ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا قىلىپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئېلېكترون سانائىتى، ئېلېكترون دەۋرى مەدەنىيىتى، زاۋۇت، كارخانا، تۇرالغۇ جاي، كىيىم-كېچەك ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. جۇملىدىن سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن ئارقىدا قالغان رايونلار، شەھەرلەر بىلەن يېزا-قىشلاقلار ئارىسىدىكى پەرقلەر بارغانسېرى ئازىيىپ، يېڭى شەھەر، يېڭى يېزا بازارلىرى ۋە يېڭى رايونلار

---

قىدىن تەتقىق قىلىش مەسىلىسى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ مەسىلىلەرنى داۋاملىق ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. زامانىۋى لوگىكا ئەنئەنىۋى لوگىكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى تەرەققىياتى بولغاچقا، ئەنئەنىۋى لوگىكىدىكى نۇرغۇن ئاساسلىق مەزمۇنلار تەتقىقاتى زامانىۋى لوگىكا تەتقىقاتىدىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ.

زامانىۋى لوگىكا قائىدە بويىچە يىغما لوگىكا تەتقىقاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە يىغما لوگىكىدا (بولۇپمۇ تولۇقسىز يىغمىدا) ئاساسلارنىڭ چىنلىقىغا ئاساسەن يەكۈننىڭ چىنلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنىڭ يەكۈنىنىڭ ئىشەنچىلىك دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى. يىغما لوگىكىدا ھازىر ئەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقىنى-ئېھتىماللىق لوگىكىسى بولۇپ، ئۇ بىر تۈر بويىچە فورمۇلاشقان ھەم سانسېپىرلاشقان يىغما لوگىكىدۇر. بۇ لوگىكىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يېرى شۇكى، ئۇ زامانىۋى لوگىكا بىلەن ماتېماتىكىنى قورال قىلىپ قوللىنىدۇ.

مەيدانغا كەلمەكتە. بۇ، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمىنى، يۈكسەك مەدەنىيەت ۋە باياشات تۇرمۇشقا يېتىشىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالماقتا. ھازىرقى كۈندە دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەر ئاھالىسىنىڭ تېگىدىن تولىسى شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن. ئەمما ئۈچىنچى دۇنياغا مەنسۇپ مەملىكەتلەرنىڭ كۆپچىلىك خەلقى يەنىلا يېزا قىشلاقلاردا دېھقان-چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا. مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ 22% تىن كۆپرەكى شەھەرلەرگە مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، يەنىلا خەلق نوپۇسىنىڭ 77% تىن كۆپرەك قىسمى يېزا-قىشلاق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ياشىماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر نوپۇسى 1980-يىلى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ 13.8% تىنى تەشكىل قىلغان بولسا، 1985-يىلى 19.4% كە يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن 5.4% كۆپەيگەن. چەت ئەللەرنىڭ 1983-يىلدىكى ئىستاتىستىكىلىق ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئەنگلىيىدە 91%، ئىتتىپاق گېرمانىيىدە 85%، ياپونىيىدە 78%، فرانسىيىدە 78%، ئامېرىكىدا 73%، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 64% خەلق شەھەرلەردە ياشايدىكەن، تەرەققىيات سۈرئىتىدىن قارىغاندا يېقىنقى بىرنەچچە يىل ئىچىدە تېخىمۇ ئاشىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شەھەر نوپۇسى 2000-يىلغا بارغاندا پۈتۈن نوپۇسنىڭ 40% تىگە يېتىشى مۇمكىن.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى شەھەرلەرنى دۆلەت زېمىنىنىڭ كەڭلىكىگە، نوپۇسنىڭ كۆپلىكىگە سېلىشتۇرغاندا «سانى ئاز، ساپاسى ناچار، ئوينايدىغان رولى ۋە ئىقتىدارى تۆۋەن» دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۆتمۈشتىكى فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان بېكىنمىچىلىك، مۇتەئەسسىپلىك سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» قاتارلىق سولچىل خاتا ھەرىكەتلەرنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن بولغان.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار توغرا سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن شەھەرلەرنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىپ، سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. شەھەر نوپۇسىمۇ يىلدىن يىلغا ئاشماقتا. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆي-جاي، قاتناش، سۇ، گاز ۋە باشقا نەرسىلەر يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەكتە، بۇ يالغۇز شەھەرلىرىمىزنىڭ كۆپىيىپ، شەھەر نوپۇسىنىڭ تېز ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى شەھەر قۇرۇلۇشىمىزنىڭ «سول»چىل ئىدىيىنىڭ يامان تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن شەھەر قۇرۇلۇشىنى بىرلىكتە ئېلىپ بېرىش قانۇنىيىتىگە ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلىنغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ھالبۇكى، بۇ شەھەر قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئەتراپلىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدىغان ۋە ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان خىزمەت.

سوتسيالىستىك شەھەرلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئەمەلىي ئېھتىياجغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. شەھەرلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ئادەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرى ۋە مەدەنىي مائارىپ ئەسلىھەلىرىدىن ئىبارەت ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش جايلىرى مۇۋاپىق تەڭشەلگەن، سانى، سۈپىتى ھەم مۇۋاپىق ماسلاشقان بولۇشى لازىم. بۇ مەخسەتكە يېتىشتە، ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنىڭ ھەر خىل ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇشتا شەھەرنىڭ بېكىتىلگەن، ئۇزاقنى كۆزلىگەن پىلان-لايىھەلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىشى، زاۋۇت-كارخانا رايونلىرى، مەدەنىي-مائارىپ رايونلىرى، سودا-تىجارەت رايونلىرى، تۇرالغۇ جاي رايونلىرى ھەمدە يول-كۆۋرۈك، ئاممىۋى باغچا، سەيلە-ساياھەت ئىستىراھەت رايونلىرى ۋە باشقا ئېھتىياجلىق زامانىۋى ئەسلىھەلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۇلارنىڭ سان سۈپىتى بىلەن كۆلىمى مۇئەييەن نىسبەتنى ساقلىشى لازىم.

شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئىش تەخسىماتى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدىكى مەخسۇسلىشىشنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئىلگىرى ئادەتلىنىپ قالغان ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا چوڭ، كىچىك «بىر پۈتۈن يۈرۈشلەشتۈرۈپ» ئالىدىغان ياكى «ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەش»نى ئاساس قىلىۋالىدىغان فېئوداللىق ناتۇرال ئىقتىسادىي تۈزۈملەرگە ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىپ، شەھەرنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ۋە باشقا شەھەر، ناھىيىلەر ئارىسىدىكى ئىش تەخسىملىشىش-ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى كەڭ يولغا قويۇش كېرەك.

شەھەرلەرنىڭ ئاساسلىق ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش، شەھەرنىڭ زامانىۋى يول-كۆۋرۈكلىرىنى، قاتناش-ترانسپورتىنى راۋانلاشتۇرۇش، پاكىز سۇ، يېقىلغۇ گاز ھەم ئىسسىقلىق بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش، پاسكىنا سۇ، كېرەكسىز گاز ھەم ئەخلەتلەرنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ، مەدەنىيەتلىك مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش، ھازىرقى دەۋر روھىنى ئالغا سۈرىدىغان ئەدەبىي سەنئەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش لازىم. بۇ ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زامانىۋى شەھەرلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئالاھىدە ياخشى بولۇشى لازىم. ھازىر كىشىلەرنىڭ مۇھىتقا بولغان تەلىپى بارغانسېرى يۇقىرى بولماقتا. مۇھىتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىگە ۋە ھايات-ماماتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا زامانىۋى شەھەر ئاھالىسىنىڭ خىزمەت (ئىشلەپچىقىرىش) ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش شارائىتىغا پاكىز، گۈزەل ۋە يېقىملىق، تىنچ مۇھىت يارىتىپ بې-

رىش ۋە ئۇنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش زۆرۈر بولماقتا. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىن چىقىرىپ تاشلىنىدىغان ئەخلەت، پاسكىنا سۇ، ئىس-تۈتەك قاتار-لىقلاردىن ئىلمىي ئۇسۇلدا ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئۇسكۇنىلىرىنى تولۇقلاپ، زىيانلىق نەرسىلەرنى پايدىلىق نەرسىلەرگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

ئۇچۇرچىلىق (ئىنفورماتسىيە) ئىشلىرى يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغان بولۇشى كېرەك. ھازىرقى زامان شەھەرلىرىدە ئۇچۇر، ئالاقە-ئىشلىرى تولىمۇ تېز راۋاجلانغان بولۇپ، مۇنداق ئۇچۇرچىلىق بىلەن ئىقتىسادىي ئۇنۇم بىر-بىرىگە چەمبەر چەس باغ-لانغان. ئۇچۇرچىلىق ھەرقايسى كەسىپىي تارماق، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە خەلق-ئاممىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئىشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەر-قايسى تەرەپنىڭ ئىش سۈرئىتىنى ۋە ئىشنىڭ ئۇنۇمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم ۋاستىلىق رول ئوينايدۇ.

زامانىۋىلاشقان شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى تولۇق ھەم يۇقىرى سەۋىيىلىك بولىدۇ. جۈملىدىن ئالىي مەكتەپ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىم يۇرت-لىرى، ئىلغار پەن-تېخنىكا تەتقىقات ئورگانلىرى، كۇتۇپخانا، مۇزېيخانىلار، رەسسەتخانا، ئالىي دەرىجىلىك دوختۇرخانا، ساقلىقنى ساقلاشنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكى تارماقلىرى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ بارى-دۇ، بۇنداق زامانىۋى شەھەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان شەھەر كىشى-لىرىنىڭ مەدەنىيىتى، ئەخلاقىي پەزىلىتى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى بولۇپ، مىللەتلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى يېقىملىق، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى ھەم-كارلىقتا ئۆتىدۇ. ئەقلىي ئەمگەك بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى تۇتۇپ، ھەممە ئەمگەكچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر زامانىۋى تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئىشلىتىدۇ، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بارغانسېرى ئازىيىپ بارىدۇ.

زامانىۋى شەھەر ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى مۇۋاپىق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ زىچ-لىق دەرىجىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىگە مۇناسىپ بولىدۇ. زامانىۋى شەھەر-لەر سىياسىي ئىقتىساد، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدىن باشقا يەنە تۇرمۇش، پەن-تېخنىكا، مەدەنىي مائارىپ قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستى-گە ئالىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، زامانىۋى شەھەر-ئىنسانىيەتكە ماددىي مەدەنىيەت ھەمدە يېڭى ئەۋلاد كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ.

زامانىۋى شەھەرلەرگە مۇئەييەن دائىرىدىكى ھەر خىل مۇھىم ماددىي ۋە مەنى-ۋى ئامىللار يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن. ئۇ، سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىلگەن، ئىچكى جەھەتتە جانلاندۇرۇلغان بولۇپ، ھېچ قاچان (ئىلگىرىكىدەك) «بېكىتىۋېتىلگەن» سىستېما ئەمەس. ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى كۈچلۈك. ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىپلا قالماي ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. ئىشچى خىز-

مەنچىلىرىنىڭ ئىش سۈرئىتى تېز، پائالىيەتلىرى تەرتىپلىك خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى، تەرتىپلىك، ئىنتىزامچان، مەدەنىيەتلىك بولىدۇ.

دۆلىتىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت. كۆپچىلىك شەھەرلىرىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان بىر زىددىيەت-شەھەرنىڭ كۆلىمى بىلەن ئۇنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، شەھەرلەرنىڭ سان، سۈپەت جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز ئۆسىدىغانلىقى بىرمۇنچە شەھەرلەرنىڭ كۆلەم جەھەتتىنمۇ كېڭىيىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت بولۇپ، بۇنداق قانۇنىيەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان تۈرلۈك ئىلمىي ۋە ئەمەلىي چارىلەرنى ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: شەھەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى تەبىئىي بايلىق زاپاسلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بىر تۇتاش پىلانلاپ تېجەپ ئىشلىتىش، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاپ تېخىمۇ كۆپ ئۈنۈم بېرىدىغان ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، شەھەرنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇش ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، ئىسسىتىش، قۇۋۋەت مەنبەسى، قاتناش-ترانسپورت، سۇ قاتارلىق ۋاسىتىلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش پىلانلاپ، تېجەپ ئىشلىتىش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، شەھەرنىڭ بىر تۇتاش تەمىنلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش ۋە باشقىلار.

لېكىن بۇ ئىشلارنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مەلۇم جەريان كېتىدۇ. بولۇپمۇ شەھەر ئەسلىھەلىرىنى زامانىۋى-يېڭى ئۈسكۈنىلەر بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈشكە نۇرغۇنلىغان مەبلەغ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى يالغۇز دۆلەتكىلا يۆلىنىۋېلىپ، تېز ئارىدا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. بېيجىڭ، تيەنجىن، چىچىخار، ۋۇخەن قاتارلىق بىرمۇنچە شەھەرلەر «دۆلەت سەرمايىسى بىلەن يەرلىك سەرمايىنى بىرلەشتۈرۈش» بىلەنلا قالماي يەنە ھەر قايسى ئۈچاستىكىلار (يول بويلىرى) غا جايلاشقان يەرلىك ئورگان-كارخانىلار (ھەتتا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بېيىغان يەككە تىجارەتچىلەر بىلەن مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ خالىسانە ياردەملىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ) «پۇلى بارلار پۇل چىقىرىش، ماتېرىيالى بارلار ماتېرىيال چىقىرىش، كۈچى بارلار كۈچ چىقىرىش» قاتارلىق ئاكتىپ ئامىللار ئارقىلىق زامانىۋى شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش مەقسىتىدىگە يەتكەن. بۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان بىر تەجرىبە.

× × ×

يېزا-قىشلاقلار، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، قەدىمكى يېزا-قىشلاقلاردىن تەدرىجىي ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىلىرىغا، ئاندىن ھازىرقى زامان يېزا-قىشلاقلىرىغا تەرەققىي قىلغان. ھازىرقى زامان يېزىلىرىنىڭ بارغانسېرى شەھەرسىمان راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

1-ئىقتىسادىي قۇرۇلما جەھەتتىن ئۇنىۋېرساللاشماقتا. قەدىمكى يېزا-قىشلاقلارنىڭ ئىقتىسادى تېرىقچىلىق كەسپىنى ئاساس قىلغان تەبىئىي ئىقتىساد ئاساسىغا قۇرۇل-

غان، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادى بولسا، سانائەتنى ئاساس قىلغان سودا-تىجارەت ئىقتىسادى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ھازىرقى زامان يېزىلىرى ئىلگىرىكى نوقۇل دېھقانچىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى بارغانسېرى چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، سودا-سانائەت ۋە باشقا كۆپخىل ئىگىلىك قۇرۇلمىسى بىلەن بېيىتىپ، ئۇنىۋېرسال بىر ئىقتىسادىي گەۋدىنى شەكىللەندۇرگەن. يېزىلارنىڭ مۇنداق ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، گەرچە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سان-ساپاسى ئۆسۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۈگۈنكى يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىدا تۇتقان سالمىقى بارغانسېرى تۆۋەنلىمەكتە. ئۇنىڭ ئەكسىچە يېزا-قىشلاقلاردىكى باشقا سودا-سانائەتنىڭ كىرىمى خېلى تېز ئۆسمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى يېزىلارنىڭ ئىقتىسادى ئىلگىرىكى نوقۇل دېھقانچىلىق ئىقتىسادىدىن باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى، قاتناش-ترانسپورت، سودا تىجارەت، مۇلازىمەتچىلىك قاتارلىق ئۇنىۋېرساللاشقان ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا ئايلانماقتا. يېزا-قىشلاقلارنىڭ ئىلگىرىدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، بېكىنمە خاراكتېرىدىكى ئۆز-ئۆزىنى ئاران قامدايدىغان ناتۇرال ئىقتىسادتىن، بارغانسېرى سىرتقا ئېچىلغان، تاۋار ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە ئايلانماقتا. مىليونلىغان دېھقان-چارۋىچىلىرىمىز كونىچە تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن تاۋار ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان، يېڭى ئىقتىسادىي باسقۇچقا كىرمەكتە...

2. يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى زامانىۋىلاشماقتا. مەملىكىتىمىزدە جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا دېھقانچىلىق كەتمەن-گۈرجەك، ساپان سوقىدىن ئىبارەت قالاق قوراللارغا، ئادەم كۈچى ۋە ھايۋانلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كەلگەن، ئىش ئېغىر، ئۈنۈمى تۆۋەن، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، يېزا قىشلاقلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولۇپ كەلگەن. بۈگۈنكى يېزا-قىشلاقلىرىمىز ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست مەركىزى ۋە ناھىيە شەھەر-بازارلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى يىلدىن يىلغا ئىلغار تېخنىكا قوراللىرىغا ئۆزگەرتمەكتە. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك يېزىلار ئىلگىرىكى قالاق دېھقانچىلىقتىن بىر قەدەر ماشىنىلاشقان يېڭىچە دېھقانچىلىققا، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق يېڭىچە سانائەتلىشىش ئارقىلىق شەھەر سەۋىيىسىگە يېقىنلاشماقتا. دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ بىر قىسمى ئىشچىلىققا ئۆزگىرىپ، ئۇلارمۇ شەھەر ئىشچىلىرىغا ئوخشاش يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سۈرمەكتە. مانا بۇنداق ئاكتىپ ئامىللار يېزىلارنىڭ شەھەرسىمان تەرەققىياتىنى يىلدىن يىلغا تېزلەتمەكتە.

3. ھازىرقى يېزا-قىشلاق تۇرمۇشىمۇ شەھەر تۇرمۇش سەۋىيىسىگە يېقىنلاشماقتا. كۆپلىگەن يېزىلاردىكى تاۋار ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى ئۆسمەكتە. ھازىرقى يېزىلارنىڭ كۆپچىلىكىدە شەھەرسىمان تۇرمۇش ئۇسۇلىغا يېقىنلاشقانلىقتىن دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى ئاساسەن تاۋارلاشماقتا. تەبىئىي بايلىق ۋە يەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن

ئىلمىي-تېخنىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن پايدىلىنىشقا ماھىر كۆپلىگەن ھەۋەسكار ئائىلە ۋە مەخسۇس كەسىپلەشكەن دېھقانلار بېيىغانسېرى ماشىنا-سايمان، قول تراكتور، رېزىنكە چاقلىق ھارۋا، موللاقچى ماشىنا ۋە ھەتتا ئورتا كىچىك تىپلىق تراكتورلار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكىنىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۆز كەسپى ھەم ھەۋەسكە ئالغان ئىشلەپچىقىرىشلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرماقتا. شۇنىڭ بىلەن كىرىم كۆپەيگەنسېرى يېزا-كەنتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا مۇناسىپ، يېڭى ئۆي (ھەتتا گۈزەل نەققاشلىق قەۋەتلىك ئۆيلەرنى) سېلىپ يىلدىن يىلغا يېزىنىڭ قىياپەتلىرىنىمۇ شەھەرسىمان مەھەللە قىلىپ ئۆزگەرتمەكتە.

4. يېزا قىشلاقلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىمۇ راۋاجلانماقتا. بىزنىڭ بىرمۇنچە يېزىلىرىمىزنىڭ ئىقتىسادى راۋاج تاپالمىغان، چەت ياقىلاردىكى يېزا-قىشلاقلارنىڭ قاتناش-ترانسپورتى قىيىن بولغاچقا، كۆپلىگەن دېھقان-چارۋىچىلار ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان. ھازىر ئورۇنلانغان يېزا-كەنت ۋە چارۋىچىلىق رايونلاردا، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش، چوڭلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش، پەن تېخنىكىنى كېڭەيتىپ ئىختىساسلىق كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، يېزا-قىشلاقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈش-يېزىلارنىڭ شەھەرسىمان تەرەققىيات سۈرئىتىنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىنماقتا. كەڭ دېھقان-چارۋىچىلار ئارىسىدا پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەندىلا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان فېئوداللىق كونا ئادەت كۆچلىرىدىن بالدۇرراق ئازاد قىلغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن، تېزراق تەرەققىي قىلغان يېزا-قىشلاقلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۈستۈن، مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى مول، خىللىرى بارغانچە كۆپ بولماقتا. مەسىلەن خېلى كۆپ جايلاردا ئاممىۋى كىنو-تىياتىرخانا، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، پەن تېخنىكا سارىيى، تەنتەربىيە مەيدانى ياسالدى، مۇزىكا كۇرژىكلىرى قۇرۇلدى، كۆپلىگەن ئائىلىلەرگە تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلار ۋە باشقا مۇزىكا مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سىڭىپ كىردى....

5. يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىمۇ شەھەرسىمان تەرەققىي قىلماقتا. مەسىلەن، كۆپچىلىك ناھىيە، رايونلار بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى كونا توپا يوللار تاشيوللارغا ئايلىنىپ، ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بولدى؛ كۆپلىگەن يېزا قىشلاقلار تۇرۇبىدا سۈيى ياكى پاكىز قۇدۇق سۈيى بىلەن تەمىنلىنىدىغان بولدى؛ دۆلەت ۋە يەرلىك سەرمايە چىقىپ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆمۈر قېزىش، رودا كولاش، كىچىك تىپلىق سۇ (ياكى يېقىلغۇ) ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق دېھقانلارمۇ شەھەردىكىدەك كۆمۈر (ئىمكانىيەت بار جايلاردا گاز) يېقىش، ئۆيلىرىگە ئېلېكتر يېقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

6. ھازىرقى زامان يېزىلىرىنىڭ شەھەرسىمان تەرەققىياتى يېزا-قىشلاقلاردىكى تارقاقچىلىقنى يىغىنچاقلاپ، كۆپلىگەن چېچىلاڭغۇ كەنت ۋە ئايرىم ئائىلە-قورولارنىڭ توپلۇشۇپ مەھەللىسىمان، بازار ئەتراپلىرىغا ئۇيۇشۇپ ئولتۇرۇشلىرىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. شىنجاڭ يېزا قىشلاقلىرىدا بارلىققا كەلگەن بۇنداق بازارلار مىڭغا يېقىنلاشماقتا. يېزا-كەنت كىشىلىرىنىڭ بۇنداق ئۇيۇشۇپ يېزا بازارلارغا توپلۇشۇپ ئولتۇرۇشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولۇپ، ئاساسەن، تۇرمۇش ھەم تىجارەتتىكى ئىقتىسادىي

ھەمكارلىقنى ئاسانلاشتۇرۇش، توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان جايدىكى ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىدىن ۋە قاتناش-ترانسپورتتىكى ئوڭۇشلۇق ۋە باشقا ھەر خىل ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەسلىھەلىرىدىن مەنپەئەتدار بولۇشتىن ئىبارەت. كەڭ يېزا-قىشلاق ئاھالىلىرىنىڭ مۇنداق نىسپىي ھالەتتىكى توپلۇشۇپ ئولتۇراقلىشىشى كېڭەيگەنسېرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئازىيىپ بارىدۇ. بۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۈمىد ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، ھەر جەھەتتىن قوللاشقا ئەرزىيدىغان بىر ئىش، شۇنىڭدەك كەڭ يېزا دېھقان-چارۋىچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تېزلەشتۈرىدىغان تەرەققىي پەرۋەرلىكنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى.

× × ×

شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى، يېزىلارنىڭ شەھەرسىمان تەرەققىي قىلىشى سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ گۈللىنىشىنى، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ باياشات، مەدەنىيەتلىك ھايات كەچۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينايدىغان ئوبدان بىر يېڭىلىق، بۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەش، بۇنداق يېڭى شەيئىگە يېقىندىن مەدەت بېرىپ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈشكە پائال ھەسسە قوشۇش ھەممىمىزنىڭ بۇرچى-ئەلۋەتتە.

ليكىن مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دۆلەت، شۇڭا، شەھەرلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشى، يېزا-قىشلاقلىرىمىزنىڭ شەھەرسىمان تەرەققىي قىلىشى كاپىتالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ باسقان يولىنى دورىمايدۇ. بىز پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە مۇناسىپ كېلىدىغان يول بىلەنلا ماڭىمىز. شۇڭا، شەھەر قۇرۇلۇش نىشانىمىزدا چىڭ تۇرۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەرنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن تەڭ، كىچىك شەھەر ۋە كىچىك بازار (جىڭ) لەرنى زور كۈچ بىلەن كۆپلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. كىچىك شەھەر (جىڭ) لەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەرلىك مەبلەغكە تايىنىشىمىز، مۇھىمى يېزا-بازارلاردىكى سانائەت-كارخانىلارنىڭ توپلىغان مەبلىغىگە تايىنىشىمىز كېرەك، كۆپىيىۋاتقان كىچىك شەھەر (جىڭ) لەر كەڭ يېزا-قىشلاقلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ ھەر خىل سانائەت-كارخانا، سودا-تىجارەت ھەم مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى يولغا قويۇپ، يەرلىك ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرمەكتە. بۇنداق كىچىك شەھەر (بازار) لارغا توپلىشىۋاتقان ئاھالىلار «ئېتىزدىن ئايرىلسىمۇ، يېزا-كەنتتىن ئايرىلمايدىغان» «زاۋۇت-كارخانىلارغا كىرسىمۇ شەھەرگە كۆچۈپ كىرمەيدىغان» ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇنلىغان يېزا-كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چوڭ شەھەرلەرگە قارىغۇلارچە ئېقىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار شەھەر خىزمەتلىرىدە يېزا بازارلىرىنىڭ كىچىك شەھەرچىلەرگە قاراپ راۋاجلىنىشىغا كۆپرەك مەدەت بېرىشى، مۇشۇ ئارقىلىق ئۆتمۈشتىن داۋام قىلىپ كەلگەن شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى تۈگىتىشكە تېخىمۇ كۆپ ھەسسە قوشۇشى لازىم.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن توغرا پايدىلىنىش ھەققىدە بەزى پىكىرلەر

يۇنۇس ئەلياس

جەمئىيەت تەرەققىياتى تىلدىن ھەر ۋاقىت يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى يارىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسىدە تىل بېيىدۇ. تەرەققىي قىلىدۇ. تىل تەرەققىياتىدا ئۇنىڭ ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ئۆزگەرگەك بۆلۈمى سۆزلۈك (لېكسىكا) بولۇپ، ئىچكى-تاشقى ئامىللار تەسىرىدە ھەر دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ تەركىبىدە يېڭى سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ.

تىلدا يېڭى سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل يوللار بىلەن ھاسىل بولىدۇ: (1) تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆز ياساش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش؛ (2)كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە ئىشلىتىش؛ (3) شېۋە — دىئالېكت سۆزلىرىنى ۋە كەسپىي سۆز-ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش؛ (4) باشقا تىللاردىن سۆز ئېلىش. بۇلار ھەممە تىللار ئۈچۈن ئورتاق. لېكىن دۇنيادىكى تىللارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي شارائىتتا ياشايدىغانلىقى سەۋەبلىك، يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر نەچچە خىل يولنىڭ ھەر قايسى تىللاردىكى ئورنى ۋە سالمىقى ئوخشاشمايدۇ. دۇنيادىكى كۆپلىگەن تىللار يۇقىرىدىكى ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىدىن تولۇق پايدىلىنىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆزلۈكىنى بېيىتقان. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردا بىرىنچى ۋە تۆتىنچى يول ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ يېڭى سۆزلەر يۇقىرىدىكى ۋاسىتىلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك پايدىلىنىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. ئەمما تىلىمىزنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا بۇلاردىن ئەڭ ئاساسلىقى تىلىمىزدا ئەسلىدە بار سۆز ياساش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ۋە باشقا تىللاردىن سۆز ئېلىشتۇر. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىككىسىدىن ئالدىنقىسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆز-ئاتالغۇ يارىتىشتا تىلىمىزغا خاس سۆز ياساش ماتېرىياللىرى ۋە ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. سۆز ياساش ماتېرىيالى دېگىنىمىز تىلدا يېڭى سۆزلەرنى ياساشقا ئۇل بولىدىغان سۆز يىلتىزلىرى (ياكى تۈپ سۆزلەر) ۋە ئۇلارغا ئۇلىنىپ يېڭى لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدىغان ياسى-

غۇچى قوشۇمچىلاردۇر. سۆز ياساش ئۇسۇلى بولسا سۆز ياساش ماتېرىياللىرىدىن قانداق قىلىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش يولى دېگەنلىكتۇر. مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشنىڭ ئاساسەن ئىككى ئۇسۇلى بار: قوشۇمچە قوشۇش (مورفولوگىيىلىك يول) بىلەن سۆز ياساش ئۇسۇلى ۋە سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش (سىنتاكسىسلىق يول) بىلەن سۆز ياساش ئۇسۇلى. ئۇنىڭدىن باشقا هازىرقى سۆزلەرنى قىسقارتىش يولى بىلەن سۆز ياساش ئۇسۇلىمۇ تىلىمىزدا پەيدا بولدى. بىراق بۇ تېخى ئىزلىنىش باسقۇچىدا تۇرماقتا. تىلىمىزدا يۇقىرىقى ئۇسۇللارنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچىسى ئوخشاشلا مۇهىم ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە بۇلار ئەزەلدىن بېرى يېڭى سۆز ياساشتا ئاكتىپ ئىشلەپ كەلمەكتە. لېكىن «ئومۇمەن ئالغاندا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياساشنىڭ مورفولوگىيىلىك ئۇسۇلى سىنتاكسىسلىق ئۇسۇلغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ ئونۇملۇقلۇقى جەهەتىدىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دېمەك، جەمئىيەت هاياتىنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق پەيدا بولىدىغان يېڭى سۆزلەر ئاساسەن قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ. شۇڭلاشقا، تىلىمىزدا قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەر مۇرەككەپ سۆزلەرگە قارىغاندا بىر نەچچە هەسسە نۇرغۇن»①

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلى هەر قانداق ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا تەرەققىي قىلدى. بۇنىسى شەكسىز. لېكىن تىلىمىزدا پەن-تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى يارىتىش ئىشى تەلەپنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇنى جىددىي تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىزدىكى سۆز ياساش ئۇسۇللىرىنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە توغۇچلۇق ئىشلىتىشىمىز كېرەك. مەلۇمكى، تىلىمىز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا تولىمۇ باي تىللارنىڭ بىرى. يولداش ئابلىمىت مەسئۇدنىڭ «ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچىلار توغرىسىدا»② دېگەن ماقالىسىدە سۆز ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 266 خىل قوشۇمچە كۆرسىتىلگەن. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردۇر. بىزنىڭ تولۇق بولمىغان سانىقىمىزدىمۇ پەقەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارلا (ۋارىيانتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ) 200 گە يېقىنلىشىدۇ. مانا شۇ قوشۇمچىلار بۈرۈندىن تارتىپ تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى بىر قۇر ۋاراقلاپ كۆرسەكلا ئۇلاردا قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنى تۈركۈملەپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن: ئايغۇچى (ئەقىلدار، مەسلىهەتچى)، ياغمچى (ئۇيۇشتۇرغۇچى). بەدىزچى (نەقىشچى، تاش ئابىدە ئويغۇچى)، بىلگە بىلىملىك كىشى)، كۆرۈم (نۇقتىسىنەزەر)، سىمانچ (ئەمەلدار)، ئورۇناغ (تۇرالغۇ)، ياداغىن (پىيادە ئادەم)، بورلۇقچى (باغچى)، سەۋىتمىش (ئارزۇلۇق)، تىن-

① قاز س س يەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇر شۇناسلىق بۆلۈمى تۈزگەن «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» II قىسىم ئۆرۈمچى نەشرى. 26 - 27 - بەتلەر

② «ئوقۇتقۇچىلار بىلىمىنى ئاشۇرۇش خەۋەرلىرى» - تىل - ئەدەبىيات مەخسۇس سانى. 1983 - يىل 1 - سان. 52 - بەت

لىغ (جانىۋار، تىرىك ئورگانىزم)، يازۇق (جىنايەت)، يازىنچ (گۇنا — دىندا)، يەم (يېمىلىك) ۋە باشقىلار. هازىرقى كۈندە قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. مەسىلەن: بېكىنمىچىلىك، بىر مەنبەچىلىك، ئۆسمە، ئاجرالما، ئىسلاھاتچى، ئۆرمە-لىگۈچىلەر، ئۆلچىگۈچ، رادىئوقوبۇللىغۇچ، چۆكۈندە، يىغىندا، ئۇيغۇر شۇناسلىق، كىتابباز، زەربىدار، ئوتبەرەست، دالانچا، نەيچە، دوختۇرخانا، كۆمۈرخانا ۋە باشقىلار.

تىلىمىزدا ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساش ئۇسۇلى ناهايىتى ئوڭاي بولۇپ، قوشۇمچىلار توپ سۆزلەرگە ئاساسىي جەھەتتىن بىۋاسىتە ئۇلىنىۋېرىدۇ بۇ جە-هەتتە ئۇ سىنتاكسىسلىق سۆز ياساش ئۇسۇلىغا قارىغاندا كۆپ ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭدە-كىدەك بېقىنىش - بېقىندۇرۇش، ئېنىقلاش بىرىكىش مۇناسىۋىتى دېگەندەك قۇرۇلمىلار يوق. مەسىلەن: تەۋەككەل + چى = تەۋەككەلچى، قات + ما = قاتما، ئۆت + كۆز + گۈچ = ئۆتكۈزگۈچ، باس + ئىم = بېسىم، يار + ئىق = يېرىق، ياپ + ئىن + چا = يېپىنچا، تەبىئەت + چى + لىك = تەبىئەتچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. دېمەك، بۇ ئۇسۇل بىلەن سۆز ياسالساب د ت مائارىپ، ئىلىم ۋە مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەۋسىيە قىلغان ئاتالغۇلار شەكلەن ئاددىي - ئىخچام، مەنەن چۈشىنىشلىك بولۇش دېگەن تەلەپكە يەتكىلى بولىدۇ.

قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساشنىڭ يەنە شۇنداق بىر ئارتۇقچىلىقى باركى، بىر توپ سۆزگە خىلمۇخىل قوشۇمچىلار قوشۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قانچە يېڭى سۆزلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

تۈگ —
تۈگمە = تۈگ + مە (ئىسىم) تۈگۈنچەك تۈگ + ئۈن + چەك
تۈگمە = تۈگ + مە (پېئىل)
تۈگۈچ = تۈگ + ئۈچ
تۈگۈر = تۈگ + ئۈر
تۈگۈك = تۈگ + ئۈك
تۈگۈكلۈك = تۈگ + ئۈك + لۈك
تۈگۈن = تۈگ + ئۈن
تۈگۈنەك = تۈگ + ئۈن + ئەك
تۈگۈنچە = تۈگ + ئۈن + چە

دېمەك، بۇ ئۇسۇل بىلەن تىلىمىزدىكى چەكلىك بولغان سۆزلۈك فوندىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيادىكى چەكسىز نەرسە - كېرەك، ئۇقۇم - چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، هەر قانداق بىر تىلدا شۇ تىلنىڭ ئىگىسى بولغان مىللەتنىڭ ئۆزى ياراتمىغان بىرەر سۆز - ئاتالغۇ باشقا تىلدىن كىرگەندە دەسلەپتە ئۆزگەرتىلمەستىن ئەينەن ياكى يېرىم - يارتا تەرجىمە شەكلى بويىچە كىرىشى مۇمكىن. بۇنداق سۆزلەر-

نىڭ بەزىلىرى ئەينەن ئۆزلىشىپ كېتىشى، بەزىلىرى بولسا بەلگىلىك ۋاقىتتىن كېيىن قوبۇل قىلغۇچى مىللەت تىلىنىڭ ئۆزىدىكى تىل ماتېرىياللىرى بويىچە باشقىدىن ياسىلىشى (ياكى تەقلىدىي ياسىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: خەنزۇ تىلىدا 20 - 30 - يىللىرى «پرولېتارىيات، بۇرژۇئازىيە، مىكروفون، كومبايىن» دېگەن سۆزلەر ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە 康拜因，麦克风，布尔乔亚，普罗列塔利亚特 دەپ ئېلىنغان ئىدى. كېيىن بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى خەنزۇ تىلىنىڭ ئۆز تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا ياسالغان 联合（收割）机，扩音器，资产阶级，无产阶级 دېگەن سۆزلەر ئىگىلىدى. تىلىمىزدىمۇ بۇنداق مىساللارنى كۆپلەپ تېپىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: 30 - 40 - يىللاردا رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن «ئانارخىزم، بيۇروكراتىزم، ئىمپېرىيالىزم، ئوپپورتونىزم، نىگىلىزم، ئوپپوزىتسىيە، تېرموس...» دېگەندەك سۆزلەر ئەينەن قوبۇل قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا بۇ سۆزلەرنىڭ ئورنىنى «ھۆكۈمەتسىزلىك، تۆرىچىلىك، جاھانگىرلىك، ئاغمىچىلىق، ئىنكارچىلىق، ئۆكتىچىلىك، چايدان، ...» دېگەن سۆزلەر ئىگىلىدى. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز، تىلىمىزدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياساش ياكى كونا سۆزلەرنى (مەسىلەن: ئۆكتىچى، تۆرە...)، دىئالېكت سۆزلىرىنى (مەسىلەن: تۇتەتكە، تىزلامچا...) يېڭى، كېڭەيتىلگەن مەنىلەردە ئىشلەتسەك، ئەدەبىي تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا باشلامچىلىق رول ئويناۋاتقان مەتبۇئات، رادىئو - تېلېۋىزىيە، سەھنە، مەكتەپ قاتارلىق ساھەرلەر قەدەمنى بىرلەشتۈرۈپ بىر مەزگىل ئىزچىل قوللىنىپ بەرسىلا، يېڭى سۆزلەر تىلىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالالايدۇ.

تۆۋەندە ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

كىرىشمە (كىرىش سۆز مۇقەددىمە)

تۈزەتمە (① مەتبۇئات خاتالىقىغا بېرىلگەن تۈزىتىش.② بىرەر نەرسىنى ياخشىلاش، ئۆزگەرتىش مەقسىتىدە بېرىلگەن تۈزىتىش، ئۆزگەرتىش)

بۇيرۇتما (زاكاز)

قىسقارتما (قىسقارتىلغان سۆز ۋە باشقىلار)

ئۆزلەشتۈرمە سۆز (باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆز)

ئەسلەتمە (دىپلوماتىيىدە: مېمورانىدۇم)

ئەسلىمە (بىرەر كىشىنى ياكى بىرەر ئىش - ۋەقەنى ئەسكە ئېلىپ يېزىلغان خاتىرە ئەسەر)

ئەسكەرتمە (ئەسكەرتىش، ئىزاھ)

ئەستىلىك (سوۋغا، ھەدىيە، ئەسلەپ تۇرۇش - ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن بىرەر نەرسە)

كۆچۈرمە (كوپىيە)

چۈشەندۈرمە (بىرەر نەرسىنىڭ: سۆزلۈكنىڭ ياكى ماشىنا جابدۇقىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يوللىرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش)

سۆزلۈك (① تىلنىڭ لېكسىكا بايلىقى. ② لۇغەت كىتابى) ھاۋا تەڭشىگۈچ (ئۆي ـ خانا تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئەسۋابى)

مۇزلاتقۇچ (خولودىلنىك)

كىر يۇغۇچ (كىر يۇيۇش ماشىنىسى)

توزاڭ شۈمۈرگۈچ (ئۆي ۋە سېخلاردىكى چاڭ ـ توزاڭلارنى شۈمۈرۈپ تازىلاش ئەسۋابى)

كېڭەيمىچى (كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى يۈرگۈزگۈچى، كېڭەيمىچىلىك تەرەپدارى، ئېكسپانسىئونىست)

بۇيرۇتمىچى (بىرەر نەرسىگە بۇيرۇتما بەرگۈچى كىشى)

مەزھەپچى (① بىرەر دىنىي مەزھەپ كىشىسى.② ئامىمىدىن ئايرىلىپ قالغان كىچىك گۇرۇھ ئەزاسى)

تۆرەلمە (ئېمبىرىئون)

بالياتقۇ (ماتكا)

ئۇرۇقدان (تېستىس)

ئېمىزگە (سوسكا)

تۇخۇمدان (ئوۋارىئوم، ئانىلىق بېزى)

تۇتقۇن (ئەسىر، ئۇرۇش ئەسىرى)

ئىلاھىيە تشۇناسلىق (تېئولوگىيە)

جەمئىيەتشۇناسلىق (سوتسىئولوگىيە)

ئەخلاقشۇناسلىق (ئېتىكا) ۋە باشقىلار.

نۆۋەتتە تىلىمىزدا ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىشتا ئاساسەن مۇنداق ئىككى تۈرلۈك كەمچىلىك ساقلانماقتا. 1. ئۆزىمىزدە بار قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆزلەرنى ياسىماي، ھەدېسىلا چەت تىللاردىن سۆز ئېلىشقا بېرىلىش؛ چەت تىل سۆزلىرى ۋە قوشۇمچىلىرىنى خاتا ئىشلىتىش، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ قوشۇمچىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرىگە چەت تىل قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ سۆز ياساش، 2. قوشۇمچىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئىسىم ـ ئاتالغۇلارنى قوپاللاشتۇرۇۋېتىش.

1. مەسىلەن. ئالدى بىلەن مۇنۇ مىساللارنى كۆرۈپ چىقايلى: «... ئۆزگىچە بولغان ئىنسانپەرۋەر گۇمانىستىك ئىلغار ئىدىيىلەر تەسىرى ۋە شەخسەن ئۆزىنىڭ پاجىئەلىك ھاياتى ئاساسىدا ئۆزىگە خاس يۆنىلىش تۇتقان» («بۇلاق، ئومومىي سان 19 بەت»)، «ئۇلار جىنسىي فىزىئولوگىنى ھەم قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇقمايدۇ» («سالامەتلىك ۋە جىنسىيەت»، 10- بەت)، «...لېكىن ئاساسىي ئاناتومىيە، فىزىئولوگ

ۋە تازىلىق ساۋادىنى بىللۇبىلىشى، ...» (شۇ كىتاب، 11- بەت)، «شۇۋېتسىيە گىئولو-گىكى، ...»، «بۇگۈنكى كۈندە بىز ئۇرغۇنلىغان ئېكسپېدىتورلارنىڭ...» («يېپەك يول-دىكى 99 سىر»، «پاسساژىر ئايروپىلانى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987- يىل 11- ئىيۇل)، ئاگمياتۇر» («رادىئو-تېلېۋىزىيە گېزىتى»، 1987- يىل 8- ئاپرېل)، ياۋايى هايۋانلارنى ئاخوت قىلىپ هايات كۆچۈرىدىغان ناهايىتى ئاز ساندىكى ئاخوت-نىكلار (پالۋانلار)...» («تەكىرىتاغ»، 2- سان)، مۇسۇلمان پايچىكلار ھەمسىدارلىق شىركىتى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1987- يىل 31- ئىيۇل)، «پىرىكازچىك» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1987- يىل 11- سېنتەبىر)، «بەتچىك، نابورچىك» («تىل ۋە تەرجىمە» — ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان، مۇقاۋىنىڭ 3- بېتى»)، شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسىنىڭ 1987- يىل 4- ئاۋغۇستىكى «سەنئەت كېچىلىكى» دە «ئىبلانچىك، سۇۋېتچىك»، «كاتتا پارات» (فىلىم نامى)، «ئۇنىۋېرسالنى ژۇرنال، كونكرېتنى لايىھە، ليوتچىك» («شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1983- يىل 1- سان)، «ئايالالارنىڭ نورمالنى ئادەت كەلمىگەن مەزگىللەردە...» («تىل ۋە تەرجىمە»، 1987- يىل 4- سان)، «مىنېرالنى سۇ» («ئىجادىيەت خەۋەر-لىرى»، 1987- يىل 2- سان)، «ئالاتاۋسكىي سېغىن كالىسى» (ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987- يىل 17- ئاۋغۇست) «پەجەرنى ئىت» (لېۋ تولستوي چۆچەكىنىڭ ماۋزۇسى»، «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى 1985- يىل 28- ماي)، «ھۇسەيىن بايقارا نېمە قىلماقچى بولسا، ناۋايىدىن بامەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىدىكەن» («بۇ-لاق»، ئومۇمىي سان: 19- بەت)، «بەۋاغ قازا تاپقان تاۋۇز خېنىمغا ...» («رادىئو-تېلېۋىزىيە گېزىتى» 1985- يىل 13- مارت)، «- ھەي، گەپ ئۇقمايدىغان قانداق بەغەرەز نېمىسەن!...» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987- يىل 14- سېنتەبىر)، «بۇ سۆزلەر باسقىلارغا قارىتىلغاندەك بىخىرامان ھالدا ياخشى بانالارنى ئىلغاۋەردى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987- يىل 11- سېنتەبىر ۋە باشقىلار.

يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى «گۇمانىستىك» دېگەن سۆز «گۇمانىزم» (ئەسلى لاتىنچە، ئىنسانپەرۋەرلىك) نىڭ سۈپەت شەكلى. ئاپتور ئۆز جۈملىسىدە «ئىن-سانپەرۋەر» سۆزى بىلەن «گۇمانىزم» سۆزىنىڭ سۈپەت شەكلىنى بىللە ئىشلىتىپ، جۈمە-لىسىنى تازىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. بىزنىڭچە، ئاپتور بۇ يەردە ئوخشاش مەنى-لىك ئىككى سۆزدىن بىرىنى، يەنى «ئىنسانپەرۋەرلىك» نى ئىشلىتىپ «...ئىلغار ئىنسان-پەرۋەرلىك ئىدىيىسى تەسىرى...» دېسىلا كۇپايە بولاتتى. «فىزىئولوگ، فىزىئولوگىيە» دېگەن سۆزلەر تىلىمىزغا رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن خەلقئارا ئورتاق سۆزلەر بولۇپ، تەرجىمان «فىزىئولوگىيە» سۆزىنىڭ ئورنىغا «فىزىئولوگ» (فىزىئولوگىيە ئالىمى) دېگەن سۆزنى خاتا ئىشلەتكەن. ئەسلىدە تەرجىمان «جىنسىي فىزىئولوگىيىسىنى...»، «ئاناتومىيە،

فىزىئولوگىيە...» دەپ ئالسا توغرا بولاتتى (بىز بۇ يەردە جۈملە تەرجىمىسىنىڭ توغرا-خاتالىقى ئۈستىدە توختالمىدۇق)، «شۆۋىتسىيە گېئولوگىكى» دېگەندىكى «گېئولوگىك» («گېئولوگىيە» نىڭ سۈپەت شەكلى) مۇ خاتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، توغرىسى «گېئولوگ» (گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى)، «ئېكسپېدىتور» دېگەن سۆزگە كەلسەك، تەرجىمان بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىنى سۆزلۈكلەردىن ئاختۇرۇپ كۆرمەيلا قارىسىغا ئىشلەتكەن. بۇ ئەسلى لاتىنچە سۆز بولۇپ، «كارخانا، مۇئەسسەسە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلاردا مال، تاۋار، گېزىت-ژۇرنال، خەت-خەۋەرلەر تارقىتىش ۋە ئەكىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم» («ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» II توم، 441- ب.) دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بىزنىڭ قىياسەن چۈشىنىشىمىزچە (ئەگەر خاتا بولۇپ قالمىسا)، «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بۇ يەردە قانداقتۇر بىرەر نەرسە تارقاتقۇچى خادىم توغرىسىدا گەپ قىلمايدۇ، بەلكى يىپەك يولىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ھەققىدە سۆزلەيدۇ، (تەرجىماننىڭ ئۆزىمۇ شۇكىتابنىڭ باشقا يەرلىرىدە «ئېكسپېدىتسىيىچى» دەپ ئالغان). تىلىمىزدا «پاسساژىر، ئاگىياتور (ئەسلىدە ئاگىتاتور)، پارات» دېگەن سۆزلەرگە تەپمۇ تەڭ «يولچى، تەشۋىقاتچى، كۆرەك،» دېگەن سۆزلەر تۇرسا، ئاۋام چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ نېمە قىلىمىز. ئېلانچىك، بەتچىك، نابورچىك، سۆيتچىك، ليوتچىك، ئاخوتنىك، پرىكاز-چىك دېگەن سۆزلەردە «ئېلان، بەت» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە «-چىك» دېگەن رۇسچە قوشۇمچە قوشۇلغان (؟)، «نابورچىك، ئاخوتنىك، ليوتچىك» دېگەن سۆزلەر رۇسچىدىكى «تىزماق، ئوۋ (لىماق)، ئۇچماق» پېئىللىرىنىڭ كەينىگە بىرەر ئىش، كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولغۇچىنى بىلدۈرىدىغان ЧИК -، НИК -، ШИК- دېگەن قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان، تىلىمىزدا بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەڭداش سۆزلەرنى تاپقىلى بولىدۇ: ئېلانچى، بەتچى، (ھەرپ) تىزغۇچى، ئۇچقۇچى، ئوۋچى («پالۋان» دېيىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس)، مال ساتقۇچى ياكى دۇكانچى. رۇس ئەدەبىي تىلىدا «گرىمچىك، سۆيتچىك» دېگەن سۆزلەر يوق بولۇپ، «يورۇتماق» پېئىلىنىڭ -ОСВЕТИТЬ (ОСВЕТИТЕЛЬ، ГРИМЁР ئارتىغا تىلىمىزدىكى «-چى» قوشۇمچىسىغا تەڭ كېلىدىغان -ТЕЛЬ قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان) دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەر خەنزۇچىدە 化装师 (پەردەزچى)، 灯光管理员，照明员 (يورۇتقۇچى، چىراق باشقۇرغۇچى) دېيىلىدۇ. مانا شۇلارغا ئاساسلىنىپ بىرىنچى سۆزنى «پەردەزچى» دېسەك بولىدۇ. ئىككىنچى سۆزنىڭ ئورنىغا تىلىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان «چىراقچى» (بۇ سۆز مەسچىت-مەدرىسىلەردە، خان ئوردىلىرىدا چىراق يېقىپ يورۇتۇشقا مەسئۇل بولغۇچى كىشىنى بىلدۈرەتتى) دېگەن كونا سۆزگە يېڭى مەنە بېرىپ ئىشلىتىپ ئەدەبىي تىلىمىزغا كىرگۈزسەك، مېنىڭچە خاتا بولماس.

نورماللىنىي، ئۇنىۋېرساللىنىي، كونكرېتنىي، ئالا تاۋسكىسىي، پەجەرنىي (ئەسلى ПОЖАРНЫЙ (бій)-Н قوشۇمچىسى) دېگەن سۆزلەر رۇس تىلىدا سۈپەت ياسىغۇچى

ئارقىلىق ياسالغان سۈپەتلەردۇر. ئەسلىدە، ئالايلۇق ئىنگلىز تىلى نۇقتىسىدە تۇرۇپ قاراشتۇرغاندا «نورمال، ئۇنىۋېرسال، كونكرېت، مىنېرال (ھەم ئىسىم، ھەم سۈپەت)» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئۆزى سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم تىلدىكى سۈپەت سۆزلىرىگە يەنە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ سۈپەت سۆزلىرىنىڭ ياسىلىشى، بۇ رۇس تىلىنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە بولغان ئىش. пожáрнb/й دېگەن سۈپەت بولسا пожáр (يانغۇن، ئوت چۈشۈش، ئوت كېتىش) دېگەن سۆزگە н(Ь/й)- قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، ئومۇمەن ئوت كەتكەنلىك توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ۋە ئوت ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا دائىر ئىشلار، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ، ئىسىم ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەلۇمكى، تىلىمىزغا رۇس تىلىدىن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار كىرمىدى. شۇڭا يۇقىرىدىكى سۆزلەرنىڭ رۇس تىلىدىكى شەكلى بويىچە قوللىنىلىشى ئۇيغۇر تىلى قائىدىسىگە سىغمايدۇ. بۇ سۆزلەرنى «نورمال، ئۇنىۋېرسال، كونكرېت، مىنېرال، ئالاتاۋ» دېسەكلا كۇپايە قىلىدۇ. «پەجەرنى» نى بولسا «ئوت ئۆچۈرۈش» دەپ، «پەجەرنى ئىت» دېگەن سۆزنى «ئوت ئۆچۈرگۈچى ئىت» دېسەك چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

ئەندى «پايچىك، ھەسسىدارلىق» دېگەن سۆزلەرگە كېلەيلى. «پاي» سۆزى پارسچە بولۇپ «شېرىكچىلىك ئاساسىدىكى ئىشقا قوشۇلغان ھەسسە، ئۈلۈش» دېگەن مەنىنى، «پايچى» بولسا «شېرىكچىلىك ئاساسىدىكى ئىشقا پاي قوشقان كىشى، ھەسسىدار» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. «ھەسسىدار» دېگەن سۆز بولسا «پاي» مەنىسىنى بېرىدىغان «ھەسسە» (ئەسلى «ھىسسە») دېگەن ئەرەبچە سۆزگە پارس تىلىدىكى ئىسىم ياسىغۇچى «ـدار» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان، بۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسى ئوخشاش. «پايچىك» دىكى «ـچىك» (чик-) قوشۇمچىسى رۇسچە قوشۇمچە بولۇپ، تىلىمىزدا ئونومولوگلوكى جەھەتتىن ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدىغان «ـ چى» قوشۇمچىسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن «پايچىك» دېمەستىن «پايچى» دەپ، «پايچىكلار ھەسسىدارلىق شىركىتى» دېمەستىن «ھەسسىدارلىق شىركىتى، دەپ ئالساق بولىدۇ.

«بامەسلىھەت» دېگەن سۆز «مەسلىھەت» نىڭ ئالدىغا مەلۇم نەرسە ياكى بىرەر سۈپەتكە ئىگىلىكنى بىلدۈرىدىغان «با» (=«بە») دېگەن پارسچە ئالدى قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان بولۇپ، تىلىمىزدا بۇنىڭغا تەڭ «ـ لىق (ـلىك، ـ لۇق ـ لۈك) دېگەن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە بار. يەنە «مەسلىھەت» نىڭ تەڭدىشى «كېڭەش» دېگەن سۆزمۇ بار. دېمەك، بۇ سۆزنى «مەسلىھەتلىك»، «مەسلىھەت بىلەن»، تېخىمۇ توغرىسى «كېڭەشلىك»، «كېڭىشىپ» دەپ ئىشلىتىپ، جۈملىنى «...ناۋايى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ (ياكى كېڭىشىپ) ئىش قىلىدىكەن»، ۋە ياكى «...ناۋايىدىن مەسلىھەت سوراپ قىلىدىكەن» دەپ تۈزىسەك ئوبدان بولىدۇ. «بەۋاغ» دېگەن سۆزنىڭ توغرىسى «بىۋاقىت» بولۇپ، «ۋاقىت» سۆزىگە يوقلۇقنى بىلدۈرىدىغان پارسچە «بى-» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان، مابادا بۇ سۆزنى «ۋاقىت» قا «بە-» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ياسىغان دېيىلسە

(پارسچىدە «ۋاقىت» سۆزىگە «بە-» قوشۇلۇپ سۆز ياسالمايدۇ)، بۇ چاغدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ-دە، «ۋاقتى بار»، «ۋاقتى كەڭتاشا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنداقتا ئاپتورنىڭ پىكىرىگە زىت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بۇ جۈملىنى ئەڭ توغرىسى «ۋاقىتسىز قازاقىلغان...» دەپ ئېلىش كېرەك «بەغەرەز» دېگەن سۆزمۇ خاتا ئىشلىتىلگەن. «غەرەز» ئەرەبچە سۆز بولۇپ «يامان نىيەت-مەقسەت، ئاداۋەت» مەنىسىنى بېرىدۇ. ئادەتتە «مەقسەت» مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆزگە «بە-» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ «بەغەرەز» دېگەن سۆز ياسالسا، ئۇچاغدا بۇ سۆز «غەرەزلىك، يامان مەقسەتلىك» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ئاپتور بۇ يەردە جۈملىسىنىڭ بېشىدىكى «گەپ ئۇقمايدىغان» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ بېرىدىغان مەنىسىگە قارشى ھالدا «بەغەرەز» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن-دە، نەتىجىدە دېمەكچى بولغىنىنى ئۇقتۇرالمىغان. شۇڭا بۇ جۈملىنى بۇنداقلا «-ھەي، گەپ ئۇقمايدىغان قانداق بىر نېمىسەن؟...» ياكى «-ھەي، غەرەز ئۇقمايدىغان قانداق بىر نەرسىسەن؟...» دېسىلا بولىدۇ. «بىخىرامان» دېگەن سۆزنىڭ خاتالىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى پارچىلاپ كۆرەيلى: «خىرامان» (خىرامان) پارسچە سۆز بولۇپ، شېئىرىيەتتە «چىرايلىق يۈرىدىغان، كېرىلىپ-يېيىلىپ، مەغرۇرانە ماڭىدىغان» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. يەنە «بىمالال، پەرۋاسىز» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزگە «بى-»قوشۇمچىسى قوشۇلسا، «ئەنسىرەپ، خۇدۇكسىرەپ» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. لېكىن ئاپتور ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس. شۇڭا بۇ سۆزنى «خىرامان» دەپلا ئىشلەتسە توغرا بولىدۇ (نۇتۇقىمىزدىمۇ دائىم «ھەجەب خىرامان بىر نېمە ئىكەنسىنا» دەپ سۆزلەيمىز)، ياكى ئۇ سۆزنىڭ ئورنىغا «پەرۋاسىز، ئىرەن قىلماي» دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ.

دەرۋەقە، ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا پارس، ئەرەب تىللىرىدىن بىر مۇنچىلىغان ئالد ۋە ئارت قوشۇمچىلار كىردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تىلىمىزدا ئالد قوشۇمچىدىن ئىبارەت يېڭى شەكىل پەيدا بولدى ھەمدە تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىمۇ ئاشتى. بۈگۈنكى كۈندە تىلىمىزغا رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن سۆز-ئاتالغۇ كىرىشىگە ئەگىشىپ ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ كىردى ۋە كىرىۋاتماقتا. مەسىلەن: -ئىزم: ماركسىزم، -ئىست: ئىدېئالىست، -ئىك: ئاكادېمىك، -ئانت: كۇرسانت، ئان-: ئانائېروب، ئانتى-: ئانتىنېيترون، پان-: پانئامېرىكانىزم ۋە باشقىلار. شۇبھىسىزكى، بۇلار تىلىمىزنى يەنىمۇ زور دەرىجىدە بېيىتىپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بىراق گەپ شۇ يەردىكى، باشقا تىللاردىن، ئالايلۇق ياۋروپا تىللىرىدىن سۆز-ئاتالغۇ ۋە گرامماتىكىلىق ۋاسىتىلەر ئېلىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ئۆز تىلىمىزدا بار نەرسىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا باشقا تىللاردىكى نەرسىلەرنى دەسسىتىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۆز تىلىمىزنىڭ يېتىشسىزلىكلىرىنى باشقا تىللارنىڭ ياردىمى بىلەن تۇشقۇزۇش-تولۇقلاش دېگەنلىكتۇر. ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىشتىمۇ بۇ تۈپ

مەقسەتنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. تۆۋەندە كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۇچۇن رۇس تىلىدىن ھەم ئۇ ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئورنىغا تىلىمىزدا بار سۆزلەر ۋە قوشۇمچىلاردىن پايدىلىنىشقا دائىر ئۆلگىلەر بېرىلدى:

| | |
|---|---|
| بەتچى | بەتچىك |
| (ھەرپ) تىزغۇچى | نابورچىك |
| چىراقچى | سۋېتچىك |
| ھاراقكەش، ھاراقخور | پيەنچۇگ |
| ئېكسپېدىتسىيىچى | ئېكسپېدىتسىئونىك |
| قۇتۇبچى | پوليارنىك |
| قىستۇرما رەسىمچى | ئىللۇستىراتور |
| دېكوراتسىيىچى | دېكوراتور |
| مۇزىكىچى | مۇزىكانت |
| ئىنسانپەرۋەر | گۇمانىست |
| ئاخباراتچى | ژۇرنالىست |
| ئەقىدىچى | دوگماتىك |
| پېنسىيىچى | پېنسىئونېر |
| مالتۇسچىلىق | مالتۇسىزم |

(ئەسكەرتمە: «مالتۇسىزم» دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىزچىدە Malthusianism، رۇسچىدە МалbтуС: анСтво دېيىلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ 1976 - يىلى نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلار» توپلىمىدا بولسا «مالتوسىزم» دېيىلگەن).

| | |
|---|---|
| باكتېرىيىشۇناسلىق | باكتېرىئولوگىيە |
| توقۇلمىشۇناسلىق | گىستولوگىيە ( ھىستولوگىيە |
| تۆرەلمىشۇناسلىق | ئېمبىرىئولوگىيە |
| تېمىتقۇچ = تېمىزغۇچ | پىپېتكا |
| چېكىت | توچكا |
| تىرناق | ئىسكوپكا |
| سۈزگۈچ: | فىلتىر |
| ئېلېكتىر سۈزگۈچ، | يورۇقلۇق سۈزگۈچ،... |
| قاپقۇچى | ۋراتار (вратáрь) |
| ئوقۇشلۇق | خرىستوماتىيە |
| كونسۇلخانا | كونسۇلستۋو |

| | |
|---|---|
| ھورلاندۇرۇش | پارلاندۇرۇش |
| كرىستاللىنىش | كرىستاللىزاتسىيە |
| قۇتۇبلىنىش | پولياردىزاتسىيە |
| كەپشەرلەش | پاياتلاش |
| شالغۇتلاشتۇرۇش= | گىبرىدلاشتۇرۇش |

(=چېنىقتۇرۇش، ئارغۇنلاشتۇرۇش) ۋە باشقىلار.

نۆۋەتتە تىلىمىزنىڭ سۆزلۈكى ئاساسەن يېڭى سۆزلەرنى ياساش ۋە شۇ بىلەن بىللە خەلقئارا ئورتاق ئاتالغۇلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ھېسابىغا بېيىۋاتقان بىر چاغدا، ئىمكانلا بولىدىكەن پارسچە قوشۇمچىلار ئورنىغا ئۇيغۇرچە قوشۇمچىلارنى قوللىنىشنى دەۋەت قىلىش كېرەك. بۇنداق دېسەك، ئوقۇغۇچىلار بىزنى تىلىمىزغا ئاللىقاچان سىڭىشىپ كەتكەن پارسچە، ئەرەبچە سۆزلەرنى ۋە ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى چىقىرىۋېتىش تەرەپدارى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن. شۈبھىسىزكى، بىر تىلدىكى باشقا تىللاردىن كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن سۆزلەرنى ۋە گراماتىكىلىق ۋاسىتىلەرنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىنماي سۇبيېكتىپ ئارزۇ بويىچىلا شۇنداق قىلىنىدىكەن، بۇنداق ئۇرۇنۇش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماي قالمايدۇ. تىلىمىزدىكى پارسچە تەركىبلەرگىمۇ ئەنە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. ئالايلۇق، تىلىمىزغا پارسچىدىن كىرگەن « - دان» قوشۇمچىسىنى چىقىرىۋەتسەك، شۇ قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان «سۇدان، چايدان، كۈلدان، شامدان، تۇزدان، چامادان (ئەسلى، جامەدان» — كىيىم ساندۇقى)، كاۋابدان» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئورنىغا نەدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىمىز!؟ بىراق چاغاتاي تىلى دەۋرىدىن قالغان، ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنى [مەسىلەن: رىياكار (ئىككىيۈزلىمچى)، ئەپسۇنگەر (ئەپسۇنچى، جادۇگەر)، ۋەزخان (نۇتۇق سۆزلىگۈچى، دوكلاتچى)، نەسىھەتگوي (نەسىھەتچى)، سەراسىم (توغرىسى «سەراسىمە») (ئالاقزادىلىك، گاڭگىرىماق)، بىسەرەمجان (قالايمىقان، مالىماتاڭ، چېچىلاڭغۇ) ۋە باشقىلار،] ئەسەرلىرىمىزدە، نۇتۇقلىرىمىزدا يەنىلا سۆرەپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك. دېمەك، بىز تىلىمىزدىكى ئەنە شۇنداق كونا ئېلېمېنتلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاۋام چۈشىنىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ۋە ياساشنى قوللايمىز. تۆۋەندە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇنىڭغا دائىر بىر قاتار ئۆلگىلەر بېرىلدى:

| | |
|---|---|
| ئالتۇنچى | زەرگەر |
| بۆزچى، توقۇمىچى | باپكار |
| ھارۋىچى | ھارۋىكەش |
| ھەيكەلچى | ھەيكەلتاراش |
| نەقىشچى | نەققاش |

| | |
|---|---|
| رەسىمچى | رەسسام |
| دۆلەتلىك | بەدۆلەت |
| كېڭەشلىك | بەمەسلىھەت 11 بامەسلىھەت |
| كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك | بەقۇۋۋەت |
| ئۈنۈملۈك، مەھسۇللۇق | سېرمەھسۇل |
| ئەدەبسىز | بىئەدەب |
| نومۇسسىز | بىنومۇس |
| قىلىقسىز | بەدقىلىق |
| تەمسىز | بەدتەم |
| سەت (چىراي) | بەدبەشىرە |
| سېسىق (پۇراق) | بەدبوي |
| ئېنىقسىز | نائېنىق |
| تىنچسىز، ئەنسىز | ناتىنچ |
| يارامسىز | ناكار (ئەسلى: ناكارە) |
| ئالاقزادىلىك | سەراسىمە |
| بارلىق | مەۋجۇدىيەت، ۋە باشقىلار. |

2 - مەسىلە، تىلىمىزدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قالايمىقان ئىشلىتىپ ئىسىم - ئاتالغۇلارنى قوپاللاشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسىگە كېلەيلى. بۇنىڭدىمۇ ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مىساللارنى قاراپ چىقايلى: «گىرىپكىلىك پۇسانىئاس» («يىپەك يولىدىكى 99 سىر»)، «ئەرەبلىك بىر سودىگەر...» («شىنجاڭ گېزىتى» 1987 - يىل 10 - ئىيۇن)، «ئۇزۇقشۇناسلىق»، «يىلتىز تۈگۈنەكچە باكتېرىيىسى» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1987 - يىل 5 - ئاۋغۇست)، «تۈگۈرچەك غوللۇق زىرائەتلەر» («ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيە قوللانمىسى»)، «نەققاشچىلىق، رەسسامچىلىق» («تارىخىي ھەمسىدى»)، «ئوچۇقچىلىق دالىسلار ھەم... تاغ - جىرالىقلار» («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1987 - يىل 26 - ئاۋغۇست)، «ئامېرىكا ئورمانلىقلىرىدىكى» (شۇ گېزىت، 1987 - يىل 7 - سېنتەبىر)، «ئاتاقلىق كۆچمەنچىلەر»، «قۇم بارخانلىقى»، «بوستانلىق»، «ئويمانلىق» («يىپەك يولىدىكى 99 سىر») ۋە باشقىلار.

بۇنىڭدا ئۈچ خىل ئەھۋال بار: (1) بىرەر ھۈنەر ياكى مەشغۇلات ئىگىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا يەنە شۇنداق ھۈنەر قىلغۇچى شەخسنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش، بىرەر سۈپەت — خاراكتېر (مەسىلەن، جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش) كەڭگە ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ياكى مەلۇم نەرسىنىڭ تۇرغۇن جايلاشقان (مەسىلەن، ئۆسۈملۈكنىڭ) جايىنى بىلدۈرىدىغان ئورتاق ئىسىملارغا يەنە ئورۇن - جايىنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچىلارنى قوشۇش. يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىكى «نەققاش، رەسسام» دېگەن سۆزلەر كەسىپ ئىگىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە شەخسنى بىلدۈرىدىغان « - چى»

قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارتۇقچە. ئۇ سۆزلەرگە كەسىپنى بىلدۈرىدىغان « - لىق ( - لىك - لۇق - لۈك)» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ «نەققاشلىق، رەسساملىق» دېيىلسىلا بولىدۇ. تېخىمۇ توغرىسى بۇ سۆزلەرنى «رەسسام+چى+لىك= رەسسامچىلىك، نەقىش+چى+لىك=نەقىشچىلىك» تۈزۈلۈشىدە ئىپادىلەش كېرەك. نۇتۇقىمىزدا يەنە دائىم «باغۋەنچى، باققالچى، قاسساپچى، كۇلالچى، موزدۇزچى، دېھقانچى» دەپ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغان « - چى» قوشۇمچىسىنى چىقىرىۋەتكەندىكى شەكلىنىڭ ئۆزى كەسىپ ئىگىلىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك ئاتاشلارنى تۈزىتىش لازىم. تىلىمىزدىكى «جاڭگال، ئورمان، توقاي، ئويمان، تۈزلەڭ، بارخان، جىرا، باغ،» دېگەندەك سۆزلەر بەلگىلىك ئورۇننى بىلدۈرىدىغان ئىسىملاردۇر. بۇنداق سۆزلەرگە يەنە ئورۇننى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە « - لىق، ( - لىك، - لۇق، - لۈك)»، « - زار»نى قوشۇپ «جاڭگاللىق، ئورمانلىق، توقايلىق، ئويمانلىق، تۈزلەڭلىك، بارخانلىق، جىرالىق، باغزار» دېيىش ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىك. مەسىلەن: تارىم ئويمىنى، تۇرپان ئويمىنى، شەرقىي - شىمال تۈزلىڭى دېيسەكلا بولىدۇ.

تىلىمىزدا يەنە بىر سۆزگە ئوخشاش مەنە بېرىدىغان ئىككى قوشۇمچىنى (بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇرچە، يەنە بىرى پارسچە) ئۇست - ئۇستىلەپ قوشۇپ ئاتالغۇلارنى قوپاللاشتۇرۇۋېتىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: گۈلزارلىق، ئۈزۈمزارلىق، چىمەنزارلىق، دەرەخزارلىق، ۋە باشقىلار. بۇ سۆزلەردىكى « - لىق» (ئۇيغۇرچە) بىلەن « - زار» (پارسچە) قوشۇمچىلىرىنىڭ بېرىدىغان مەنىلىرى ئوپمۇ ئوخشاش، شۇڭا بۇ خىلدىكى سۆزلەرنى ياساشتا بۇ قوشۇمچىلارنىڭ بىرى ئىشلىتىلسىلا بولىدۇ. ئۇلگە: گۈللۈك ياكى گۈلزار، ئۈزۈملۈك ياكى ئۈزۈمزار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش. تىلىمىزدا بۇ ئىككى قوشۇمچىدىن ئالدىنقىسى ئۇنۇملۇك بولۇپ، سۆزلەرگە قوشۇلۇشتا (سۆزلەرنىڭ) فونېتىكىلىق قورۇلۇش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ: ئالمىلىق، قوغۇنلۇق، كۆمۈرلۈك، نېفىتلىك ۋە باشقىلار. ئەندى «تۈگمەنەكچە» دېگەن سۆزنى پارچىلاپ كۆرسەك، بۇ سۆز «تۈگ+ئۈن+ئەك+چە» دېگەن مەنىلىك بۆلەكلەر (مورفېمىلار)دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلاردىن « - ئەك» بىلەن « - چە» ئوخشاشلا كىچىكلىتىش - ئەركىلىتىش مەنىسىنى بېرىدىغان قوشۇمچىلاردۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ ئىككىسىدىن بىرىنى ئىشلىتىپ «تۈگۈنەك» دېسەكلا بولىدۇ. ھازىر تىلىمىزدا «تۈگۈنەك» دېگەن سۆز ئومۇملىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن «تۈگۈرچەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر» دېمەستىن، بەلكى «تۈگۈنەك غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر» دېيىش كېرەك «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە بىئولوگىيە لۇغىتى» دىمۇ شۇنداق دېيىلگەن.

(2) قوشۇمچىلارنى خاتا ئىشلىتىش. يۇقىرىدىكى مىساللاردىكى «ئەرەبلىك، گرېكلىك، ئۇچۇقچىلىق دالىلار» دېگەن سۆزلەر ئەنە شۇنىڭ مىسالى. مەلۇمكى، « - لىق، ( - لىك، - لۇق، - لۈك)» دېگەن سۈپەت قوشۇمچىسى يەر ناملىرىغا قوشۇلۇپلا ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۈرۈمچىلىك ئىشچى، قەشقەرلىك كاسىپ، تۇرپانلىق

ئۆزۈمچى. لېكىن مىللەت نامىرىغا بۇ قوشۇمچە قوشۇلمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى «ئەرەب سودىگىرى، گىرېك ئالىمى» ياكى «ئەرەبىستانلىق سودىگەر، يۇنانىستانلىق ئالىم» دەپ ئالساق بولىدۇ. «ئوچۇقچىلىق دالىلار» دېگەن سۆزدە ئاپتور «ئوچۇقچىلىق» نى ئېنىقلىغۇچى ئورنىدا ئىشلەتكەن. بىراق ئەسلىدە «ئوچۇق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى سۈپەت بولۇپ، ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە «-لىق» قوشۇمچىسى ئورۇنسىز قوشۇلغان. «ئوزۇقلۇقشۇناسلىق» دېگەن سۆزدىمۇ بىر قوشۇمچە ئورۇنسىز قوشۇلۇپ قېلىپ، ئاتالغۇ سەل قوپاللىشىپ قالغان. شۇڭا بۇنى «ئوزۇقشۇناسلىق» دېسەكلا بولىدۇ. چۈنكى «ئوزۇق» سۆزى ئىسىم بولۇپ، يېمەك-ئىچمەك ياكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ سۆزگە «-لىق» نى قوشساق سۈپەتكە ئۆزگىرىدۇ-دە، بىرەر نەرسىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ: ئوزۇقلۇق ماددا دېگەندەك.

(3) تىلىمىزدا ئاز ساندا بولسىمۇ قوشۇمچە قوشۇلۇپ ياسالغان بەزىبىر ياسالما سۆزلەرنى خاتا تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئىملادىمۇ شۇ بويىچە خاتا يېزىش ئەھۋالى بار. مەسىلەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» 528-بېتىدە «لەگلەك»، «شىنجاڭ قوغۇن-تاۋۇزلىرى تەزكىرىسى» (خەنزۇچە، 1985-يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى) دە «ئاقچى» (قوغۇن)، «كۆكچى» (قوغۇن) دېيىلگەن. يەنە «پېتىنقى ئەينەك، كۆپۈنكى ئەينەك، ئەگلەك» ۋە باشقىلار. بۇ سۆزلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن توغرا ئەمەس دەيمىزكى، بىرىنچىدىن، «ئەگلەك، لەگلەك» دېگەن سۆزلەرنى شۇ پېتىچە پارچىلاپ كۆرسەك، ئۇلارنىڭ يىلتىزىدىن، ھېچبىر مەنە ئۇقۇلمايدۇ. ئەسلىدە بۇ سۆزلەر «ئەلگى، ئەلگە، لەيلە» دېگەن بۇيرۇق پېئىللارغا ئىسىم ياسىغۇچى «-ك» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان. ئىككىنچىدىن، قوغۇن سورتلىرىنىڭ نامى بولغان «ئاقچە، كۆكچە» دېگەن سۆزلەرنى («بۇ ناملار شۇ قوغۇن سورتلىرىنىڭ ئېتىنىڭ ئاساسىي رەڭگىگە قاراپ ئەركىلىتىش-كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «-چە» قوشۇلۇپ ياسالغان) «ئاقچى، كۆكچى» شەكلىدە ئالساق، ئۇ چاغدا بۇ سۆزلەر يەر نامى بولغان «ئاقچى» (ناھىيە)، «كۆكتات تېرىغۇچى، كۆكتات ساتقۇچى» دېگەن مەنىنى بېرىدىغان «كۆكچى» (شۇنداق يەر نامىمۇ بار) دېگەن سۆزلەرگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ سۆزلەرنى «ئەلگەك، لەيلەك، ئاقچە، كۆكچە» دەپ، «پېتىنقى، كۆپۈنكى» دېگەن سۆزلەرنى پېتىنقا، كۆپۈنكە» دەپ قوللىنىش كېرەك.

يىغىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق سۆز ياساشنىڭ قائىدىسىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، ئۇلاردىن تولۇق ۋە توغرا پايدىلىنالىساقلا، سۆز-ئاتالغۇ يارىتىشتىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەردىن ساقلىنىپ، تىلىمىزنىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرالايمىز. ھەممە خەلق ئىگىلىكى ۋە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تىلىمىز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايمىز. يولداشلارنىڭ پىكىرلىرىمىزدىكى كەمچىل ۋە بىر ياقلىمىلىقلار توغرىسىدا توزەتمە بېرىشىنى سورايمەن.

# يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇ- نىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە

## سۆز بېشى

«يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىن-
جاڭدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن خاتىرە» — جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېڭى
دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ،
جاھانگىرلىككە، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ
ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە
قارشى تۇرۇپ، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ
بارغان تارىخىي پائالىيەتلىرىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە تۆھپىلىرىنى ئەكس ئەتتۈ-
رىدۇ. بىز پارتىيىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان
پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
يولداشلارنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، كەڭ كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ياشلار
ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى ۋە ئىنقىلابىي ئەنئەنىسى توغرىسىدا تەر-
بىيە ئېلىپ بېرىپ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىگە ماسلىشىش ۋە شۇ ئارقىلىق
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش؛ جۇڭگو ئىنقىلابى يولىدا قۇربان
بولغان يولداشلارنى خاتىرىلەش؛ پارتىيە تارىخىغا دائىر خاتا ئەنزىلەرنىڭ ئۆزۈل-كې-
سىل تۈزىتىلىشىگە پايدىلىق شارائىت يارىتىش تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ «خاتىرە»
نى يېزىپ چىقتۇق.

بىز بۇ «خاتىرە» نى يېزىشتا، تارىخىي ماتېرىياللار، ئەسلىمىلەر ۋە ئەينى
يىللاردا چىققان گېزىت-ژۇرناللاردىكى مەلۇماتلارنى ئاساس قىلدۇق؛ ۋەقەلەرنى
يىل تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، چوڭ ئىشلار-
نى چۆشۈرۈپ قويماسلىق، مۇھىم ئىشلارنى گەۋدىلەندۈرۈش، بايان قىلىشتا ئاددىي
ۋە ئېنىق بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلدۇق.

بىز تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ھەم بۇ «خاتىرە» نى يېزىش ۋە تۈزىتىش

داۋامىدا، ئەينى يىللاردا شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن، خۇاڭ خو چىڭ، جاڭ زىبىي، فاڭ جىچۈن، گاۋدېڭباڭ، زېڭ سەن، جى خې، چېڭ شىسەي، جاڭ يى، لۈي لىپىڭ، فاڭ خۇەي، شى جىياڭنىڭ، لى يۈنياڭ، ماشۇ، جاڭ جۇڭشى، ۋاڭ شىياۋ چۈەن، پېڭ شۈەن، ۋاڭ يۈنشۆ، جۇدەنخۇا، چېن يېنسۇ،يۇسۇن، شۆ لياڭ، جاڭلىيەنمۇ، جېڭ يىشېڭ، ساكۇڭلياۋ، ليۇجىنجۇڭ، جاڭ يىۋۇ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ قىزغىن رىغبەتلەندۈرۈشى، زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە سەۋرچانلىق بىلەن مەسلىھەت بېرىشىگە ئېرىشتۇق؛ يېزىش گۇرۇپپىمىزنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ دۇڭيۆ، ماجاۋ سۇڭ، كاڭ لىزې قاتارلىق يولداشلارنىڭ كونكرېت يوليورۇقى ۋە ياردىمىنى ئالدۇق؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئىشخانىسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت ئارخىپ بۆلۈمى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى، شاڭخەي كۇتۇپخانىسى، نەنجىڭ كۇتۇپخانىسى، نەنجىڭ 2-تارىخىي ئارخىپ بۆلۈمى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا، شىنجاڭ گېزىتخانىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، كۇچا ناھىيىلىك لىن جىلۇ خاتىرە ئۆيى قاتارلىق ئورۇنلار بىزنى نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، بىز ئۇلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ «خاتىرە» شىنجاڭ داشۆ پارتكومى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى خاتىرە ئۆيى پارتىيە تەشكىلى ،شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخىي خىزمەت كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكى ۋەغەمخورلىقى ئاستىدا، شىنجاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭ داشۆنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم كافېدراسى، تارىخ فاكۇلتېتى، سىياسىي فاكۇلتېتى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېي، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى خاتىرە ئۆيى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەشكىللەنگەن يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن يېزىلدى. يېزىش ئىشىغا گۇەن جىلىيەن، ياڭ مىيجۈن، جاڭ باۋيۇ، ۋەن جىفاڭ، چېن شيۇيۇ، دورجى، جۇ ياڭگۈي، شۈي خەيشېڭ، ئىجات، گويوچۈن، گاۋ شىنشېڭ، ليۇيۈن قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.

بۇ «خاتىرە» كۆپ قېتىم تۈزىتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى تارىخىي تەتقىقات جەمئىيىتى مۇدىرىيىتى ۋە شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ئىشلار ھەيئىتىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر گورۇپپىسى بىرلىكتە ئاچقان يىغىندا مۇھاكىمە قىلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، ئاندىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە تارىخىي خىزمەت كومىتېتى چاقىرغان تەكشۈرۈش يىغىنىدا ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، بېكىتىلدى.

توپلىغان ۋە ئىگىلىگەن تارىخىي ماتېرىياللىرىمىزنىڭ تېخى تولۇق بولۇپ كېتەلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى، يېزىقچىلىق تەجرىبىمىزنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن چالا قالغان ياكى خاتا بولۇپ قالغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلارنىڭ تەنقىت ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

«خاتىرە» يېزىش گۇرۇپپىسى. 1985 - يىل 5 - ئاي

## مۇقەددىمە

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ قەدىمدىن مەملىكىتىمىز مۇقەددەس زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى مۇنبەت، مەنزىرىسى گۈزەل، بۇ يەرگە ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، موڭغۇل، خۇيزۇ، قىرغىز، تاتار، شىبە، ئۆزبېك، رۇس، تاجىك، مانجۇ، داغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. ئىشچان، باتۇر، پاراسەتلىك، ئىنقىلابىي ئەنئەنىلەرگە باي شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق كونا جۇڭگودا جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزمنىڭ زۇلمى ھەم ئېكسپىلاتاتسىيىگە قارشى ئىگىلمەي - سۇنماي كۈرەش قىلغان.

1921 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلدى، شۇندىن ئېتىبارەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتى يېپ - يېڭى تۈس ئالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئېغىر ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىگە يورۇقلۇق ئېلىپ كەلدى ۋە ئۈمىد بېغىشلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا قارشى كۈرىشى يېڭى رەھبىرىي كۈچكە ئىگە بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۆز ئەزالىرىنى تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدا شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتىشى 30 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، يەنى شىنجاڭنىڭ شۇ چاغدىكى ھەربىي ھەمۇرى باش ئەمەلدارى شېڭ شىسەي بىلەن پارتىيىمىز ئوتتۇرىسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىن بولدى.

1937 - يىلى 4 - ئايدا، جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسىنىڭ غەربىي يول ئارمىيىسى غەربكە يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، قالغان قىسىملار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى، پارتىيە مەركىزى كومىتېتى غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چېن يۈن قاتارلىق يولداشلارنى موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. بۇ،

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپ قۇرۇش، يەنئەن بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيالار توشۇلىدىغان ۋە كىشىلەر بېرىش-كېلىش قىلىدىغان خەلقئارالىق يولنىڭ راۋان بولۇشىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن پارتىيىمىزنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇشى تامامەن زۆرۈر ئىدى. شېڭ شىسەينىڭ «ئالتە سىياسەت» ى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي روھى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، ئۇ، پارتىيىمىز بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇشى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشىدا سىياسىي ئاساس بولۇپ قالدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە شېڭ شىسەينىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۈرۈمچىدە 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى. چېن يۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۇنجى پارتىيە ۋەكىلى قىلىپ ئەۋەتىلدى. دېڭ فا ئىككىنچى قېتىملىق پارتىيە ۋەكىلى، چېن تەنچۇ ئۈچىنچى قېتىملىق پارتىيە ۋەكىلى بولدى.

1938-يىلىنىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن يەنئەندىن كادىر يۆتكەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پارتىيىمىز شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شۇ يىلى يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي - سىياسىي داشۆسىدىن ۋە شىمالىي شەنشى گوڭشۆسىدىن بىر قىسىم كوممۇنىستلارنى تاللاپ، ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. يەنئەندىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا داۋالىنىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلار شىنجاڭدىن ئۆتۈش سەپىرىدە شېڭ شىسەينىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن شىنجاڭدا قالدى. شىنجاڭدا خىزمەت قىلىدىغان بۇ كوممۇنىستلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە باشقا تارماقلاردا ئاشكارا ھالدا ئەمەلدار ياكى ھۆكۈمەت خادىمى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەت فاڭجېنى سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا قوللانغان پارتىيىلىك سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق، پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق ئۇسۇلىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. لېكىن، ئۇلار كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى قەلبىگە پۈكۈپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن توغرا فاڭجېننى ئىجرا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئىرىشىپ ئورۇنلىدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، ئاممىنى تەربىيىلەش، ئىنقىلاب ئۇرۇقىنى چېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى.

1941 -يىلى 6 - ئايدا، گېرمانىيە پاشىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلدى. بۇ چاغدا، ياپون ئارمىيىسى، قورچاق ئارمىيە ۋە جاھىللار گۇرۇھى قوشۇنىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە قامال قىلىشى بىلەن ئازاد رايونلىرىمىز مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. ئەندى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «ئۈمىد يوق»، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ «تۈگىشىدىغان بولدى» دەپ قارىغان شېڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدىكى ئابرۇيى ۋە تەسىرىنىڭ كۈنەسايىن كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ، بارا-بارا ئۆزىنى جياڭجېشى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. جياڭ جېشىمۇ ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھاكىم مۇتلەقلىق، ئىچكى ئۇرۇش، ۋەتەن ساتقۇچلۇق فاكچېيىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىرىدى. ئاخىر، 1942 -يىلى 9 - ئايدا جياڭ جېشى شېڭ شىسەي تىل بىرىكتۈرۈپ سۇيىقەست پىلانلاپ، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى 160 تىن ئارتۇق ئەزاسىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ سىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتى ئۈزۈل-كېسىل بۇزۇلدى. 1943 -يىلى 9 -ئايدا، چېن تەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى، قالغان كوممۇنىستلار تۈرمىنى مەكتەپ ۋە جەڭ مەيدانى قىلىپ، «بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ» دۈشمەنگە قارشى تىللاردا داستان بولغىدەك قەيسەرانە كۈرەشلەر ئېلىپ باردى.

1945 -يىلى 8 - ئايدا، ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي، ۋاڭ رۇپېي چۇڭچىڭگە بېرىپ جياڭ جېشى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى. سۆھبەت داۋامىدا ماۋزېدۇڭ، جۇئېنلەي شىنجاڭدىكى، جۇملىدىن باشقا جايلاردىكى گومىنداڭ تۈرمىلىرىدىكى كوممۇنىستلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىپ، ئاخىرى جياڭ جېشىنى شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار جاڭ جىژ جۇڭنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن 1946 -يىلى 7 - ئايدا غەلىبە بىلەن يەنئەنگە قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا تەشۋىقى-تەربىيە ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، بىر ئەۋلاد ياشلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش ئېڭى زور دەرىجىدە ئۆستى.

شىڭ شىسەيىنىڭ ئاق تېررورلۇقى تىميانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنى قاپلىغان ئەھۋال ئاستىدا، ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى «شىنجاڭ كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى»، «ئىنقىلابىي ياشلار ئىتتىپاقى» قاتارلىق ئىلغار تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، ئۆگىنىش ۋە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، شىڭ شىسەيگە قارشى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى. 1944-يىلى ئىلى، چۆچەك، ئالتايدا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەت (ئازادلىقتىن كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» دەپ ئاتالدى) پارتلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى «ئۈچ ۋىلايەت» خەلقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەد كۆتىرىشى ۋە ئازاد بولۇشىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلدى. شۇڭا، 1946-يىلى 12-ئايدا ۋە 1949-يىلى 8-ئايدا ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ پېڭ گوئەن (پېڭ چاڭگۈي)، دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە راتسىيە بىلەن شىنجاڭغا ئەۋەتتى.

1949-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى نەنجىڭ ئازاد قىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى بەربات بولدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تاغنى تالقان قىلىدىغان كۈچ بىلەن غەربىي شىمالدىكى گومىنداڭ كۈچلىرىنى يوقىتىشقا ئاتلاندى. گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى، «ئۈچ ۋىلايەت» مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە قىستاپ كېلىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سىياسىي تەرغىباتى ۋە ھەر تەرەپلىمە قولغا كەلتۈرۈشى ئارقىسىدا 1949-يىلى 9-ئاينىڭ 25-كۈنى تاۋسىيۇ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى. 26-كۈنى بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن ھەقىقەتكە قايتتى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىنىچ ئازاد بولدى. 10-ئاينىڭ 20-كۈنى ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە كىردى.

دېمەك، بۇ «خاتىرە» دە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، جاھانگىرلىككە، بولۇپمۇ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي پائالىيەتلىرى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە تۆھپىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، يامانلىشىش، بۇزۇلۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي جەريانلىرى؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە قىلغان غەمخورلۇقى ۋە بەرگەن يوليورۇقلىرى، شۇنىڭدەك چېن يۈن، دېڭ فا، چېن تەنچۇ قاتارلىق پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پارتىيە ئەزالىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ مەر-

كەزنىڭ فاكچىننى ئىزچىللاشتۇرۇپ مەركەز تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇنلاش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تۆھپىلىرى؛ جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ سول تارماق ئەترىتىدىكى بىر قىسىم قوشۇنلارنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى، ئادەم سانى ھەمدە ئۇلارنىڭ پارتىيە ۋەكىللىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان مەدەنىيەت ئۆگىنىش ۋە ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىش ئەھۋاللىرى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1938-يىلى شېڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن يەنئەندىن شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ئىككى تۈركۈم كوممۇنىستلارنىڭ ئىسىملىكى ئۇلارنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان جايلىرى ۋە ئۆتىگەن ۋەزىپىلىرى؛ 30-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى شىنجاڭغا خىزمەتكە كەلگەن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرى؛ ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى، كوممۇنىستلارنىڭ ماقالە يېزىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تارقىتىش ئەھۋالى؛ دۇجۇڭيۈەن، ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشى، ساكوڭلياۋ، جاۋدەن قاتارلىق بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، پىروفېسسور، ئەدىب ۋە ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا قوشقان تۆھپىلىرى؛ 1942-يىلى 9-ئايدا شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق كوممۇنىستلارنى نەزەر بەنت قىلىش، تۇتقۇن قىلىش، تۈرمىگە تاشلاش، سوراق قىلىش ئەھۋالى، چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلولارنىڭ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، قالغان كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىدە «بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ» قەيسەرانە كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى، شۇنىڭدەك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ تۈرمىلىرىدىكى كوممۇنىستلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشى، جاڭ جىجۇڭنىڭ كوممۇنىستلارنىڭ يەنئەنگە غەلىبىلىك قايتىشىغا ياردەم بېرىشى قاتارلىق ئەھۋاللار؛ «ئۈچ ۋىلايەت» ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ۋە شىنجاڭدىكى بىر قانچە مەخپىي، ئىلغار ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئەھۋالى؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1946-يىلى پېڭگوئەننى، 1949-يىلى دېڭ لىچۈننى ئالاقىچى سۈپىتىدە شىنجاڭغا راتسىيە بىلەن ئەۋەتىش ئەھۋالى؛ شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولۇش جەريانى ۋە تاۋسىيۈ، بۇرھان شەھىدىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئەھۋالى؛ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ بىرۇسىنىڭ قۇرۇلىشى ۋە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىش ئەھۋالى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مەملىكىتىمىزنىڭ يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى پەيدىن-پەي ئىشقا ئاشۇرۇش، گۈللەنگەن، ئاۋات سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن باتۇرلەرچە كۈرەش قىلدى.

## 1933 — 1936 - يىللار

1933 - يىلى، چېن جۇڭ قاتارلىقلار «12 - ئاپرېل» ۋەقەسىنى قوزغاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى جىن شۇرېننى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. شېڭ شىسەي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرى باش ئەمەلدارى بولۇۋېلىپ شىنجاڭنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى. شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش، شۇنىڭدەك گومىنداڭدىن مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بەزى تەدبىرلەرنى قوللاندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى. سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا چېگرانىڭ تىنچ، خاتىرجەم بولۇشىغا مۇھتاج بولغاچقا، شېڭ شىسەيگە سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ياردەم بەردى.

1935 - يىلى، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كادىر ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى 1935 — 1936 - يىللىرى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يۈشىيۈسۈڭ (ئۆزگەرتكەن ئىسمى ۋاڭ شيۇچىڭ)، جاۋشى (ۋاڭ باۋچيەن)، رېن يۈ (ليۇشيەنچېن)، جېڭ يىجۈن (جېڭ يىجۈن)، جى جىز (لۇەن باۋتىڭ)، جياڭ زېمىن (ۋۇدېمىڭ)، جاڭ يىفەن (ۋەن شيەنتىڭ)، يۇچيڭفا، جاۋ يۈنرۇڭ (ئايال)، گاۋ شيۈيىڭ (ئايال، ۋاڭ يى)، لىن چاۋ (رېن دىشەن)، جاۋ يۈشى (جاۋگو يۈەن)، ليۇ جىنجۇڭ (چېن پېيشېڭ)، ۋاڭ لىشياڭ (زىڭ شيۇ پۇ)، دېڭ يۈگۈي، جاڭ يىۋۇ، مەنسۇر، قاسىم، سىيىت ھاجى، ئاباي، قادىر ھاجى قاتارلىق كوممۇنىستلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئاشكارا ھالدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارى ياكى خادىملىرى بولۇپ ئىشلىدى. تەشكىلىي مۇناسىۋەت جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلخانىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى، ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا قوللانغان پارتىيىلىك سالاھىيىتىنى ئاشكارىلىماسلىق، پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرماسلىق، كوممۇنىزمنى تەشۋىق قىلماسلىق پرىنسىپىغا ئەمەل قىلدى.

شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن كوممۇنىستلارغا ئىنتايىن ئېتىبار بىلەن قاراپ، ئۇلارنى مۇھىم خىزمەتلەرگە قويدى. مەسىلەن، جاڭ يىۋۇ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى؛ ليۇ شيەنچېن ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باش

ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى؛ يۇ شيۇسۇڭ «شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» (قىسقارتىپ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» دېيىلىدۇ) نىڭ باش كاتىپى، قوشۇمچە شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى؛ ۋاڭ باۋچيەن ئىگىرى - ئاخىر بولۇپ گۇچۇڭ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى، شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى؛ ۋەن شيەنتىڭ شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ باش تەھرىرى؛ ۋۇدېيىڭ شىنجاڭ ئاپتوموبىل ترانسپورت باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛ چېن پېيشېڭ شىنجاڭ چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى؛ لۈەن باۋتىڭ قۇمۇل ئامانلىق ساقلاش شۆبە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قاتناش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا كەلگەن كوممۇنىستلار جاپالىق شارائىتتا ئىچىش خاراكتېرلىك نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىدى. ئۇلار شېڭ شىسەينىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەرنى ھوقۇقتا باراۋەر قىلىش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ ۋە تەمىر قىلىش» تىن ئىبارەت «ئالتە سىياسەت» نى تۈزۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، تەشۋىق قىلىش ۋە يولغا قويۇش ئىشلىرىغا ياردەم بەردى؛ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى؛ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدا تەشۋىقات ئېلىپ باردى؛ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ، سۈيىۈەندىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بەردى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى خىزمەتلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ قۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

## 1937 - يىلى

1936 - يىلى 10 - ئايدا، قىزىل ئارمىيە 4 - يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسىملىرى بىلەن قىزىل ئارمىيىنىڭ 5 - كورپۇسىدىن جەمئىي 20 مىڭ - دىن ئارتۇق كىشى خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ غەربىي يول ئارمىيىسى تەشكىل قىلىپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەرب تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلدى. قىزىل ئارمىيىنىڭ بۇ كوماندىر جەڭچىلىرى ئايلىنىپ يۈرۈپ باتۇرلارچە جەڭ قىلىپ، خېشى كارىدورىغا كىردى، 1937 - يىلى 3 - ئايدا مەغلۇپ بولدى. 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي - سىياسىي كومىتېتى شى ۋۇشەن تېغىدا دۈشمەنلەردىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ قالغان قىسىملىرىنى ئوڭ، سول ئىككى تارماق ئەترەتكە بۆلۈپ، چىلەنشەن تاغلىرىنىڭ ئىككى

قاسىنقىدا پارتىزانلىق قىلىشنى؛ 30-كورپۇستىن قالغان مىڭدىن كۆپرەك كىشىنى سول تارماق ئەترەت قىلىپ تەشكىللەپ، چېڭ شىسەي، لى شيەننيەن، لى تيەنخۇەنلەر باشچىلىقىدا چىلەنشەن تاغلىرىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ پارتىزانلىق قىلىشنى قارار قىلدى. غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ باش شتابى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئون نەچچە نەپەر رەھبىرىي كادىر سول تارماق ئەترەت بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلدى.

3-ئاينىڭ 17-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى لى زورەن، لى شيەننيەنلەرگە تېلېگراممىدا ئەۋەتىپ: غەربىي يول ئارمىيىسى خىزمەت كومىتېتى قۇرۇشۇڭلارغا قوشۇلىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كومىتېت خىزمەتلەرنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىشلىشى لازىم، دەپ يوليورۇق بەردى. غەربىي يول ئارمىيىسى خىزمەت كومىتېتى مۇنداق تەشكىللەندى: لى زورەن خىزمەت كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، لى شيەننيەن، چېڭ شىسەي، ۋاڭ شۇشىڭ، زېڭ چۈەنلياڭ قاتارلىقلار ئەزاسى بولدى.

3-ئاينىڭ 23-كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سول تارماق ئەترەتكە تېلگېراممىدا ئەۋەتىپ: «بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، كۈچۈڭلارنى ساقلاڭلار، يۈرۈش نىشانەڭلار شىنجاڭ ياكى موڭغۇلىيە بولسۇن، ئامال قىلىپ شىنجاڭغا بېرىڭلار، چېن يۈن بىلەن تىڭ دەيىۋەننى كۈتۈۋېلىشقا ئەۋەتىمىز» دەپ يوليورۇق بەردى. سول تارماق ئەترەت مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى ۋە تېلېگراممىدا ئارقىلىق مەركەزنى خەۋەرلەندۈردى.

4-ئاينىڭ 7-كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت جۇشىتۇەنى غەربىي يول ئارمىيىسى خىزمەت كومىتېتىغا: «شىنجاڭغا بېرىۋېرىڭلار، سىلەرنى كۈتۈۋېلىش ھەققىدە ئۇ تەرەپكە خەۋەر بېرىۋەتتۇق» دەپ تېلېگراممىدا ئەۋەتتى.

4-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ سول تارماق ئەترىتى ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، شىڭشىڭشاغا يېتىپ كەلدى. بۇ قوشۇندىكى 400 دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭ ھەربىي-مەمۇرىي باش مەھكىمىسى چېكرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ شىڭشىڭشادا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ شياۋدىيەن تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىندى.

4-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ

ئەزاسى چېن يۈن ۋە تىڭ دەيىۋەن غەربىي يول ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شىڭ شىسەي تەرىپىدىن جۇڭگو سوۋېت چېگرىسىغا ئەۋەتىلگەن مەخسۇس ئاپتوموبىل بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان ئالاقىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تىكلەندى. فاڭ شىۋەن، دۇەن زىجۈن، لى چۈنتيەنلەرمۇ چېن يۈن بىلەن بىللە كەلدى. چېن يۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن ھەربىي - مەمۇرى باش مەھكىمە چېگرا ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن پېيشىڭ (سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى) نىڭ ھەمرالىقىدا شىڭ شىسەي بىلەن كۆرۈشتى. چېن يۈننىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىنىڭ رەسمىي شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، چېن يۈن قاتارلىقلار سول تارماق ئەترىتىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن نەچچە ئون ئاپتوموبىلدا ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك، قورال - ياراق قاچىلاپ شىڭشىشاغا باردى، بۇ يەردە «1 - ماي» خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى سول تارماق ئەترەتتىكى كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى. چېن يۈن سۆز قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋزېدۇڭغا ۋاكالىتەن بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، غەربىي يول ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىدىكى 400 دىن ئارتۇق كىشى چېن يۈننىڭ باشچىلىقىدا ئۈرۈمچىگە قاراپ ئاتلاندى. ئۇلار ئاچچىقسۇ دېگەن يەرگە كېلىپ دەم ئالغاندا، چېن يۈن بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەرگە سۆز قىلدى ۋە: ۋاقىتلىق مەغلۇبىيەت تۈپەيلىدىن بوشاشماي، كېلەچەكتىكى غەلىبىگە ئىشەنچ بىلەن قاراش لازىم. ئاخىرقى غەلىبە چوقۇم جۇڭگو خەلقىگە مەنسۇپ، دەپ كۆرسەتتى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچتە، بۇ قوشۇن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال غەربىي باغچىنىڭ يېنىدىكى فۇشىن يىپ ئىگىرىش زاۋۇتىغا ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردە دەم ئېلىش، داۋالىنىش، تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. 7 - ئايدا، دۇڭمېن سىرتىدىكى گەزەرمە (ھازىرقى بەش يۇلتۇز يولى) گە يۆتكەلدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ۋە شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە، شۇنىڭدەك شىڭ شىسەينىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چېن يۈن جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسى سول تارماق ئەترىتىنىڭ نامىنى سىرتقا قارىتا «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» («شىن بىڭ يىڭ») دەپ ئاتاشنى بەلگىلىدى. چېن يۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-

سىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تۇنجى پارتىيە ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» غا ئورۇنلۇشۇپ، بۇ يەردىكى خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلدى ۋە شېڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

5 -ئايدا، چېن يۈن، تىڭ دەيىۋەن غەربىي يول ئارمىيىسى خىزمەت كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى لى زورەن، لى شيەننىيەن قاتارلىقلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ، سول تارماق ئەترەتنى جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى غەربىي يول ئارمىيىسىنىڭ باش تارماق ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، ئۇنىڭ قارمىقىدا كادىرلار ئەترىتى ۋە تۆت چوڭ ئەترەت تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ياڭ شيۈكۇن باش ئەترەت باشلىقى، ليۇچىڭخەن باش ئەترەت سىياسىي كومىسسارى، راۋزىجەن باش ئەترەت شىتاپ باشلىقى، يۈتۈڭجىن (يۈشىڭخۇا) پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ياۋيۈەنلياڭ باش ئەترەت سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ تەيىنلەندى. فەنتۇڭ كادىرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ليۇخەكۇڭ سىياسىي كومىسسارى، لۇي لىپىڭ پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى بولۇپ بەلگىلەندى. جەن زوگو 1 -چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، جۇچۇنلىن سىياسىي كومىسسارى؛ جاۋجېڭخوڭ 2 -چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، چېن دېرىن سىياسىي كومىسسارى؛ جېڭ جىزجاڭ 3 -چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، ۋاڭ شىرىن سىياسىي كومىسسارى؛ زىڭ يۈلياڭ 4 -چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى، خۇجەن سىياسىي كومىسسارى بولۇپ تەيىنلەندى.

5 -ئايدا، تەرتىپكە سېلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، چېن يۈن ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى تىل، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە فىزىكا ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئۇ كۆپچىلىككە: مەركەزنىڭ يېڭى يول-يورۇقى كەلگىچە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگىنىش قىلىش كېرەك. ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىش، سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش، پەن-مەدەنىيەت ئۆگىنىش لازىم. بۇ يەردە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت ھەربىي تېخنىكىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگىلەش، شۇنداقلا ئىنقىلاب ئىشلىرىمىزنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر، دېدى. ئۇ، كۆپچىلىكنى جەڭ مەيدانلىرىدا ھۇجۇمغا قانداق ئۆتكەن بولسا، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكىمۇ شۇنداق يۈرۈش قىلىشقا، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» نى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئىختىساسلىق خادىملىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپكە ئايلاندۇرۇشقا چاقىردى. چېن يۈن كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشىگە رەھبەرلىك قىلىپلا قالماي، كادىرلار چوڭ ئەترىتىگە دەرسمۇ ئۆتتى. ئۇ «ۋ ك (ب) تارىخى»، «كوممۇنىزمدا باللارچە سوللۇق كېسىلى»، «لېنىنىزم مەسىلىلىرىگە دائىر» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ مەسىلىسىنى سۆزلىدى.

«يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى مەدەنىيەت ئۆگىنىش يېرىم يىلچە داۋاملاشتى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ياپون جاھانگىرلىكى لوگۇچاۋ ۋاقەسىنى قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى. 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، جۇڭگو ئىشچى - دېھقان قىزىل ئارمىيىسى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ 8 - ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى (كېيىن يەنە 18 - گۇرۇپپا ئارمىيە دەپ ئاتالدى). 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گومىنداڭ مەركىزىي ئاخبارات ئاگېنتلىقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ گومىنداڭ - كومپارتىيە ھەمكارلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلان قىلغان خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى جياڭ جېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قانۇنى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدىغان سۆھبەت بايان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ رەسمىي شەكىللەندى.

9 - ئايدا، چېن يۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شېڭ شىسەي بىلەن بولغان بىرلىكسەپ مۇناسىۋىتىدىن ۋە شىنجاڭنىڭ تىنچ مۇھىتىدىن پايدىلىنىپ «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى ئەسكەرلەرنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شېڭ شىسەي ئارمىيىسىگە ياردەم قىلغان زامانىۋى قورال - جابدۇقلىرى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەسكىرى تۈرلەر بويىچە ئىختىساسلىق ھەربىي خادىملار قىلىپ يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا شېڭ شىسەيگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش مەسلىھەتچىسىگە تەلەپ قويدى. ئۇلار بۇ تەلەپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى كوماندىر - جەڭچىلەر پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى. 1 -، 2 -، 3 - چوڭ ئەترەتتىن 200 دىن ئارتۇق كىشى ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگەندى، 3 - چوڭ ئەترەت ئاپتوموبىل ھەيدەشنى ئۆگىنىش ئاساسىدا برونېك ھەيدەشنىمۇ ئۆگەندى؛ 4 - چوڭ ئەترەتتىن 100 دىن ئارتۇق كىشى ھەر خىل توپ - زەمبىرەك ئۆگەندى؛ كادىرلار ئەترىتىدىكىلەر نۇقتىلىق ھالدا ھەربىي ۋە سىياسىي نەزەرىيە ئۆگەندى. كېيىن، كادىرلار ئەترىتى ئاساسىدا 20 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان راتسىيە ئۆگىنىش ۋە ئون نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي دوختۇرلۇق ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلدى. ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسمى قورۇشنى نەزەردە تۇتۇپ بىر قانچە كىشى شېڭ شىسەينىڭ مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا مال دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. شۇنداق قىلىپ، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» ئارمىيىمىزنىڭ ھەر خىل ئەسكىرىي تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى ھەربىي تېخنىكا مەكتىپى بولۇپ قالدى.

ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىش رەسمىي باشلىنىشتىن ئىلگىرى، يەنى «7 - ئىيۇل» ۋەقەسىدىن كېيىن ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلىۋاتقان پەيتتە، چېن يۈن «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» دىكى كوماندىر - جەڭچىلەرگە ئىچكى-

تاشقى ۋەزىيەت ئۈستىدە دوكلات بېرىپ: جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھايات-مامات ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىلەرنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئەۋەتىپ قېلىشى مۇمكىن، مىللەتنىڭ تەقدىرى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن مەدەنىيەت ئۆگىنىش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى ھەربىي ماھارەتنى پىششىق ئىگىلەش لازىم، دېگەن ئىدى. ھەربىي تېخنىكا ئۆگىنىش باشلانغاندىن كېيىن، بارلىق كوماندىر-جەڭچىلەر پارتىيە ۋەكىلى چېن يۈن ئېيتقاندەك مىللەتنىڭ تەقدىرى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىنى قەلبىگە پۈكۈپ، جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش قىلىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

9-ئاينىڭ كېيىنكى يېرىملىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى دېڭ فا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقىغا بىنائەن موسكۋادىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ چېن يۈننىڭ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. 1938-يىلى 1-ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى، «يېڭى ئەسكەرلەر لاگېرى» نىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلىدى. دېڭ فا شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مەزگىللەردە «فاڭ لىن» دېگەن ئىسمنى قوللاندى.

10-ئاينىڭ 10-كۈنى، جۇشاۋجۇ (8-ئارمىيە ۋەكىلى) جاڭ يۈەنفۇ (شېڭ شىسەينىڭ نەنجىڭدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى)، دۇجۇڭيۈەن (تۆمۈر يول مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىلى) قاتارلىقلار بىلەن بىر ئايروپىلاندا لەنجۇغا كېلىپ، 8-ئارمىيىنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا چۈشتى. 12-كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلدى. جۇشاۋجۇ شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، 8-ئارمىيىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە شېڭ شىسەي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. 10-ئايدا، 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى ئۈرۈمچى نەنلىياڭدا قۇرۇلدى. تىڭ دەيۈەن 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا 8-ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنى سىرتقا قارىتا نەنلىياڭ «3-مېھمانخانا» دەپ ئاتالدى.

11-ئايدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم قىلغان 1-تۈركۈمدىكى 3 مىڭ 600 دانە جۇۋا ئاپتوموبىلغا قاچىلىنىپ، ھەربىي مەمۇرىي مەھكىمە مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا يولغا سېلىندى، 30-كۈنى 8-ئارمىيىنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورنىغا يېتىپ باردى.

11-ئايدا، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ مۇسكۋادىن يەنئەنگە قايتىش سەپىرىدە ئۈرۈم-

چىگە چۈشۈپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قىزغىن كۈتۈۋېلىندى. ۋاڭ مىڭ شېڭ شىسەيگە: سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن يۇشيۇ سۇڭ قاتارلىقلار «تىروتسكىچىلار»، دېدى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن بۇ كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان شېڭ سىسەي ۋاڭ مىڭنىڭ تۆھمىتى ئاساسىدا «تىروتسكىچى»، «ياپونىيە باسمىچىلىرىغا ماسلىشىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇشنى قەستلىگەن» دېگەن بەتناملار بىلەن ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ يۇشيۇسۇڭ، جاڭ زىمىن، ۋەن شيەنتىڭ، جى جىڭ، ليۇ شيەنچىن، جېڭ يىجۈن قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، تۈرمىگە سالدى. كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئارىلىشىشى ئارقىسىدا، 1938- يىلى 6- ئايدا تۈرمىدىن چىقىرىلىپ، مەخپىي ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇلدى.

11- ئاينىڭ 27- كۈنى، چېن يۈن ۋاڭ مىڭ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار بىلەن بىر ئايروپىلاندا يەنئەنگە قايتتى. ئۇ يەنئەنگە بارغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

12- ئاينىڭ 25- كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كادىرى جۇڭ چىبىڭ، سەي شۆپەن، خې زىجېن، ليۇيىڭ، شۈي مېڭچۈ قاتارلىق بەش كىشى داۋالىنىش ئۈچۈن موسكۋاغا كېتىۋېتىپ ئۈرۈمچىگە چۈشكەندە، شېڭ شىسەي دېڭفادىن ئۇلارنى شىنجاڭدا قالدۇرۇپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. دېڭفا مەركەزدىن يوليورۇق سورىغاندا، مەركەز شۈي مېڭچۈنىڭلا قېلىپ خىزمەت قىلىشىغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەي ئۇنى مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى. شۈي مېڭچۈنىڭ شىنجاڭدا قوللانغان ئىسمى مېڭ يىمىن بولۇپ، ئۇ 1938- يىلى 1- ئاينىڭ 24- كۈنى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

12- ئايدا، جۇ شاۋجۇ غەربىي يول ئارمىيىسى رەھبەرلىرىدىن لى زورەن، چېڭ شىسەي، لى شيەنيەن، لى تيەنخۇەن، گۇ تيەنمىن، زېڭ چۈەنفاڭ قاتارلىق ئالتە كىشى بىلەن بىر ئايروپىلاندا يەنئەنگە قايتتى. ماۋ زېدۇڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

12 - ئايدا، خەنگۇاڭ (خەنىمىنگۇاڭ) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىشتا شىنجاڭدا قالدى ۋە «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1939 - يىلى بۇرچىن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى بولۇپ يۆتكەلدى، 1940 - يىلى يەنئەنگە قايتتى.

12 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى، تىڭ دەيىۋەن قاتارلىق 15 كىشى شېڭ شىسەي 8 - ئارمىيىگە سوۋغا قىلغان تۆت پىلىموت، 20 مىڭ تال ئوق ۋە 800 جىڭ دورىنى ئېلىپ ئاپتوموبىل بىلەن يەنئەنگە قاراپ يولغا چىقتى، 30 - كۈنى لەنجۇغا يېتىپ باردى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىپى / مىلادىيە يىل تەرتىپى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىپى | 1201 | | | 1202 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1786 – 1787 | | | 1787 – 1788 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 24 | 10 | 3 | 13 | 10 | 7 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 23 | 11 | 5 | 12 | 11 | 2 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىپى

| | | |
|---|---|---|
| 1 . | ئەلمۇھەررەم | Əlmuḥərrəm |
| 2 . | سەپەر | Səpər |
| 3 . | رەبىئۇل ئەۋۋەل | Rəbiul əwwəl |
| 4 . | رەبىئۇسسانى | Rəbius sani |
| 5 . | جامادىيەل ئەۋۋەل | Jamadiyəl əwwəl |
| 6 . | جامادىيەل ئاخىر | Jamadiyəl ahir |
| 7 . | رەجەپ | Rəjəp |
| 8 . | شەئبان | Xə·ban |
| 9 . | رامازان | Ramazan |
| 10 . | شەۋۋال | Xəwwal |
| 11 . | زۇلقەئدە | Zulķə›də |
| 12 . | زۇلھىججە | Zulḥijjə |

| 241 | 1201<br>1786 - 1787 | 1202<br>1787 - 1788 | 1203<br>1788 - 1789 | 1204<br>1789 - 1790 | 1205<br>1790- 1791 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24·10·3 | 13·10·7 | 2·10·5 | 21·9·2 | 10·9·6 |
| 2 | 23·11·5 | 12·11·2 | 1·11·7 | 21·10·4 | 10·10·1 |
| 3 | 22·12·6 | 11·12·3 | 30·11·7 | 19·11·5 | 8·11·2 |
| 4 | 21·1·1 | 10·1·5 | 30·12·3 | 19·12·7 | 8·12·4 |
| 5 | 19·2·2 | 8·2·6 | 28·1·4 | 17·1·1 | 6·1·5 |
| 6 | 21·3·4 | 9·3·1 | 27·2·6 | 16·2·3 | 5·2·7 |
| 7 | 19·4·5 | 7·4·2 | 28·3·7 | 17·3·4 | 6·3·1 |
| 8 | 19·5·7 | 7·5·4 | 27·4·2 | 16·4·6 | 5·4·3 |
| 9 | 17·6·1 | 5·6·5 | 26·5·3 | 15·5·7 | 4·5·4 |
| 10 | 17·7·3 | 5·7·7 | 25·6·5 | 14·6·2 | 3·6·6 |
| 11 | 15·8·4 | 3·8·1 | 24·7·6 | 13·7·3 | 2·7·7 |
| 12 | 14·9·6 | 2·9·3<br>* | 23·8·1 | 12·8·5 | 1·8·2<br>* |

| 242 | 1206<br>1791 - 1792 | 1207<br>1792 - 1793 | 1208<br>1793- 1794 | 1209<br>1794 - 1795 | 1210<br>1795 - 1796 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 31·8·4 | 19·8·1 | 9·8·9 | 29·7·3 | 18·7·7 |
| 2 | 30·9·6 | 18·9·3 | 8·9·1 | 28·8·5 | 17·8·2 |
| 3 | 29·10·7 | 17·10·4 | 7·10·2 | 26·9·6 | 15·9·3 |
| 4 | 28·11·2 | 16·11·6 | 6·11·6 | 26·10·1 | 15·10·5 |
| 5 | 27·12·3 | 15·12·7 | 5·12·5 | 24·11·2 | 13·11·6 |
| 6 | 26·1·5 | 14·1·2 | 4·1·7 | 24·12·4 | 13·12·1 |
| 7 | 24·2·6 | 12·2·3 | 2·2·1 | 22·1·5 | 11·1·2 |
| 8 | 25·3·1 | 14·3·5 | 4·3.3 | 21·2·7 | 10·2·4 |
| 9 | 23·4·2 | 12·4·6 | 2·4·4 | 22·3·1 | 10·3·5 |
| 10 | 23·5·4 | 12·5·1 | 2·5·6 | 21·4·3 | 9·4·7 |
| 11 | 21·6·5 | 10·6·2 | 31·5·7 | 20·5·4 | 8·5·7 |
| 12 | 21·7·7 | 10·7·4<br>* | 30·6·2 | 19·6·6 | 7·6·3<br>* |

| 243 | 1211<br>1796 - 1797 | 1212<br>1797 - 1798 | 1213<br>1798 - 1799 | 1214<br>1799 - 1800 | 1215<br>1800 -1801 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 7.7.5 | 26.6.2 | 15.6.6 | 5.6.4 | 25.5.1 |
| 2 | 6.8.7 | 26.7.4 | 15.7.1 | 5.7.6 | 24.6.3 |
| 3 | 4.9.1 | 24.8.5 | 13.8.2 | 3.8.7 | 23.7.4 |
| 4 | 4.10.3 | 23.9.7 | 12.9.4 | 2.9.2 | 22.8.6 |
| 5 | 2.11.4 | 22.10.1 | 11.10.5 | 1.10.3 | 20.9.7 |
| 6 | 2.12.6 | 21.11.3 | 10.11.7 | 31.10.5 | 20.10.2 |
| 7 | 31.12.7 | 20.12.4 | 9.12.1 | 29.11.6 | 18.11.3 |
| 8 | 30.1.2 | 19.1.6 | 8.1.3 | 29.12.1 | 18.12.5 |
| 9 | 28.2.3 | 17.2.7 | 6.2.4 | 27.1.2 | 16.1.6 |
| 10 | 30.3.5 | 19.3.2 | 8.3.6 | 26.2.4 | 15.2.1 |
| 11 | 28.4.6 | 17.4.3 | 6.4.7 | 27.3.5 | 16.3.2 |
| 12 | 28.5.1 | 17.5.5 | 6.5.2 | 26.4.7 | 15.4.4 * |

| 244 | 1216<br>1801 - 1802 | 1217<br>1802 - 1803 | 1218<br>1803 - 1804 | 1619<br>1804 - 1805 | 1220<br>1805 - 1806 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 14.5.5 | 4.5.3 | 23.4.7 | 12.4.5 | 1.4.2 |
| 2 | 13.6.7 | 3.6.5 | 23.5.2 | 12.5.7 | 1.5.4 |
| 3 | 12.7.1 | 2.7.6 | 21.6.3 | 10.6.1 | 30.5.5 |
| 4 | 1.8.3 | 1.8.1 | 21.7.5 | 10.7.3 | 29.6.7 |
| 5 | 9.9.4 | 30.8.2 | 19.8.6 | 8.8.4 | 28.7.1 |
| 6 | 9.10.6 | 29.9.4 | 18.9.1 | 7.9.6 | 27.8.3 |
| 7 | 7.11.7 | 28.10.5 | 17.10.2 | 6.10.7 | 25.9.4 |
| 8 | 7.12.2 | 27.11.7 | 16.11.4 | 5.11.2 | 25.10.6 |
| 9 | 5.1.3 | 26.12.1 | 15.12.5 | 4.12.3 | 23.11.7 |
| 10 | 4.2.5 | 25.1.3 | 4.1.7 | 3.1.5 | 23.12.2 |
| 11 | 5.3.6 | 23.2.4 | 12.2.1 | 1.2.6 | 21.1.3 |
| 12 | 4.4.1 | 25.3.6 * | 13.3.3 | 3.3.1 | 20.2.5 * |

| 245 | 1221<br>1806-1807 | 1222<br>1807-1808 | 1223<br>1808-1809 | 1224<br>1809-1810 | 1225<br>1810 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21·3·6 | 11·3·4 | 28·2·1 | 16·2·5 | 6·2·3 |
| 2 | 20·4· 1 | 10·4·6 | 19·3·3 | 18·3·7 | 8·3·5 |
| 3 | 19·5·2 | 9·5·7 | 27·4·4 | 16·4·1 | 6·4·6 |
| 4 | 18·6·4 | 8·6·2 | 27·5·6 | 16·5·3 | 6·5·1 |
| 5 | 17·7·5 | 7·7·3 | 25·6·7 | 14·6·4 | 4·6·2 |
| 6 | 16·8·7 | 6·8·5 | 25·7·2 | 14·7·6 | 4·7·4 |
| 7 | 14·9·1 | 4·9·6 | 23·8·3 | 12·8·7 | 2·8·5 |
| 8 | 14·10·3 | 4·10·1 | 22·9·5 | 11·9·2 | 1·9·7 |
| 9 | 12·11·4 | 2·11·2 | 21·10·6 | 10·10·3 | 30·9·1 |
| 10 | 12·12·6 | 2·12·4 | 20·11·1 | 9·11·5 | 30·10·3 |
| 11 | 10·1·7 | 31·12·5 | 19·12·2 | 8·12·6 | 28·11·4 |
| 12 | 9·2·2 | 30·1·7<br>* | 18·1·4 | 7·1·1 | 28·12·6<br>* |

| 246 | 1226<br>1181 | 1227<br>1812 | 1228<br>1813 | 1229<br>1813-1814 | 1230<br>1814-1815 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 26·1·7 | 16·1·5 | 4·1·2 | 24·12· 6 | 14·12·4 |
| 2 | 25·2·2 | 15·2·7 | 3·2·4 | 23·1·1 | 13·1·6 |
| 3 | 26·3·3 | 15·3·1 | 4·3·5 | 21·2·2 | 11·2·7 |
| 4 | 25·4·5 | 14·4·3 | 3·4·7 | 21·3·4 | 13·3·2 |
| 5 | 24·5·6 | 13·5·4 | 2·5·1 | 21·4·5 | 11·4·3 |
| 6 | 23·6·1 | 12·6·6 | 1·6·3 | 21·5·7 | 11·5·5 |
| 7 | 22·7·2 | 11·7·7 | 30·6·4 | 19·6·1 | 9·6·6 |
| 8 | 21·8·4 | 10·8·2 | 30·7·6 | 19·7·3 | 9·7·1 |
| 9 | 19·9·5 | 8·9·3 | 28·8·7 | 17·8·4 | 7·8·2 |
| 10 | 19·10·7 | 8·10·5 | 27·9·2 | 16·9·6 | 6·9·4 |
| 11 | 17·11·1 | 6·11·6 | 26·10·4 | 15·10·7 | 5·10·5 |
| 12 | 17·12·3 | 6·12·1<br>* | 25·11·5 | 14·11·2 | 4·11·7<br>* |

# Journal of Xinjiang University

**(Philosophy and Social Sciences, Uighur Edition)**

**№· 1 1988** **(Total: №· 33)**


## CONTENTS


The Theory of Socialism's Primary Stage Is the Essential Basis for Building Socialism With Chinese Characteristics ··························*Ismayil Niyaz*

On the Modernization of Cities and the Development of the Countryside towards Urbanization··················································*Abdureyim Sayidi*

A Talk on the Schools of Aesthetics in Our Country and their Representative Personages··················································*Mamtili Dani*

The Logical Contradictions in the Study of Farabi's Philosophical Thinking······ ······························································ *Abduxukur Muhamad Imin*

A Newly Rising Branch of Learning in Philosophy······································ ······································*Compiled by Ali Mamut and Yusanjan Askar*

A Brief Talk About Modern Logic······································*Shirin Kurban*

Central Asia and Greek Culture····································*Abdukerim Rahman*

On Abuduhalik Uighur's Career of Literary Creation and His Position in Modern Uighur Literature ··················································*Mahmut Zayidi*

Some Views Concerning the Correct Use of the Word-Building Affixes in the Uighur Language ················································· *Yunus Ilyas*

Some Problems Concerning the Revolution of the Three Regions in Xinjiang··· ·········································Zhu Yanggui, Gao Xinsheng and Li Shuang

A Brief Discussion on Sheng Shicai the Warlord ······················ Xu haisheng

The Records of Actual Events of the Chinese Communist Party's Struggles in Xinjiang During the Period of the New-Democratic Revolution·············· ···················································· «The Records» Compiling Group



چىڭگىل ناھىيىسىدىكى بۇلغىن - قوندۇز مۇھاپىزەت رايونى


شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

**新疆大学学报**

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　　刊

发行范围：　公开发行

تۈزگۈچىسى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچىسى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتاخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65—1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋەكالەت نومۇرى 13—58. باھاسى 0.50 يۈەن